
1994 2
ئىسمائىل ئەھمەد:
مىللەتلەر خىزمىتىنى
تېرىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى
دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى
چوقان (شېئىر)
مىللەتلەر ئىتتىپاقى
ISSN 1002-9184
03>
9 771002 918006





جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا بازارلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر



**بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،**

**ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.**



مۇھەررىردىن تەۋسىيە

### ● «مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى»

مەيلى سىز مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىڭ، شۇغۇللانماڭ، مەيلى سىز قايسى ساھەنىڭ، قايسى مىللەتنىڭ ئەزاسى بولماڭ، مىللەت مەسىلىسى سىز ۋە بىزگە ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر ئىش. بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى، مۇھىم ۋەزىپىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت، بۇ ھەقتە دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتى. بۇ سۆز بىزنى بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللەتلەر خىزمىتىدىن تولۇق خەۋەردار قىلىدۇ ۋە بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. . .

### ● «شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى» ۋە «مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى»

ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى قانۇنچىلىق يولىدا مېڭىشى كېرەك، بۇ بىزنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇيىمىز، شۇنداقلا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. ئىككى نىزامنامىنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى، دەل ئازسانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ قانۇنچىلىق يولىدا باسقان خۇشاللىنارلىق بىرىنچى قەدىمى، ئۇ، شەھەرلەر، مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمىتىدە ئەمەل قىلىشقا نىزام، ئاساس قىلىشقا قانۇن ئاتا قىلدى. بۇ نىزامنامىلەرنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

### ● «تۈزۈلار ۋە خۇجۇ تۈزۈ ئاپتونوم ناھىيىسى»

تۈزۈلار ئېلىمىزدىكى قېرىنداش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، دىن ئېتىقادى، تىل-يېزىقى بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىزگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، بەزىلىرى ناتونۇش، ھەتتا بەزى ئىشلار بىزگە ناھايىتى قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. بۇ مىللەت زادى قانداق مىللەت؟ سىز ئۇنى قانچىلىك چۈشىنىسىز؟. . .



### ● «چۇقان»

تەن ئازابى، جۇدالىق، ۋەھىمىلەر، قايغۇ-ھەسرەت، دەرد-ئەلەم. . . چۇقانغا سەۋەبچى بولىدۇ، بىراق بۇلار شەخسىي ھەم ئۆزى ئۈچۈن چۇقان سېلىش. ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ۋەتەن ئۈچۈن، خەلقى ئۈچۈن چۇقان سالغان.قانچە ئەزىمەت بار دەيسىز. مانا ئەمدى بۇ «چۇقان»غا قۇلاق سېلىڭ. بۇ گەرچە بىر شائىرنىڭ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق ئۇ سىزنىڭ، ئۇنىڭ ھەم مېنىڭ «چۇقان»ىم. . .

# مۇندەرىجە


## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى

مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىرىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى ...................... ئىسمائىل ئەھمەد (4)

## مىللەتلەر قانۇنچىلىقى

شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى ........................................ (12)

مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى ...................................... (15)

## ئىقتىساد رۇجىكى

بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى .................. (18)

## مىللەتلەر مۇنبىرى

غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدا... (23)

بازار ئىگىلىكى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا ................ (29)

1993-يىل: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى تېز راۋاجلانغان بىر يىل ..........
..............................ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى (31)

## مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار

تۈزۈ مىللىتى ۋە خۇجۇ تۈزۈ ئاپتونوم ناھىيىسى ........................................ (36)

## مىللەت خەزىنىسى

قاغىلىقتىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى، «تاغ پەدىسى» ۋە ئېتىز ناخشىلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى
ئىزدىنىش ........................................ قاۋۇل ساۋۇر (38)

مانجۇلارنىڭ قەغەز قىيمىچىلىقى ............................................ (53)

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ............... ئىمىنجان ئەخمىدى (42)

تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى ـ جىگدە يېلىمى ................................ . نۇرنىساخان (49)

مىس كۈرگۈ ................................................ مەخسۇت ھېيت (52)

يەرلىك ئىچىملىك ـ مۇسەللەس ............................................ يۈسۈپجان ئىمىن (58)

## مىللەت ۋە ئۆرپ-ئادەت

ئۇيغۇرلاردا «قۇش باخشى» ........................................ ئابدۇكېرىم راخمان (44)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى .......... ئابدۇللا سۇلايمان (46)

قارلىق ئويۇنى ۋە «قارلىقنامە» ھەققىدە ........................... مەمتىمىن ئابدۇللا (50)






دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا
چىقىدىغان سىياسىي،
ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال
(ئومۇمىي 33 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
**ئىدرىس بارات**
(تېلېفون: 234567)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**ئەكبەر ئېلى**
(تېلېفون: 237021)

بۇ ساننىڭ نۆۋەتچى تەھرىرى:
**خەمىت نىغمەت**


كېيىنكى ساندىكى مۇھىم ئەسەرلەر

**● ئىسمائىل ئەھمەد بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بولغا قويۇش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدە توختالدى**

**● ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرەيلى**



# مۇندەرىجە


## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ھازىر 40 يۈەنگە سېتىۋالغان ئاياغ 40 كۈنمۇ چىدىمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋال ئۆزگىرەمدۇ قانداق؟ قاتارلىق ئاتلە سوئالغا بېرىلگەن جاۋاب .................................. (56)

## تەرىملەر

ئامېرىكىدىكى كارخانىچىلارنىڭ سىرى .......................................... (54)

بەش ئەزانىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سالامەتلىك .......................................... (54)

ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان فامىلىلەر .......................................... (55)

يۇرۇن ۋە سالامەتلىك .......................................... (55)

يەتتە چوڭ ئىقتىسادىي رايون بەلبېغى .......................................... (55)

جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بىر كۈنى .......................................... (55)

دۇنيادىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى .......................................... (59)

دۆلەت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟..........................................(34)

جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟.......................................... (34)

پارلامېنت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟..........................................(17)

ئىچكى كابىنېت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟..........................................(17)

## ھېكمەت دۇنياسى

ھېكمەتلەر .......................................... (57)، (35)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

يۇمۇرلار .......................................... (60)

ھەجۋىي رەسىملەر .......................................... (63)

## گۈلدەستە

چوقان (شېئىر) .......................................... روزى سايىت (62)

يانىدۇ گۈلخان يۈرەكلەر تەكتىدە (شېئىر) .......................... مۇھەممەت شاۋۇدۇن (62)

## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىدا: رىشتە .......................................... دۇشۇچۇەن فوتوسى

2-، 3-بەتلىرىدە: جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا بازارلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر .......... دۇشۇچۇەن فوتوسى

ئوتتۇرىدىكى رەڭلىك بەتتە: 9-نۆۋەتلىك «يېڭى يول» رەسىم كۆرگەزمىسىدىن ئاللانمىلار ......

مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: قار ۋە نۇر .......................................... سىگاڭ فوتوسى

ئوتتۇرا قارا بەت 1 - دە: ھۆسن خەت نەمۇنىلىرى..........................................


مىللەتلەر ئىتتىپاقى

民族团结

ۇلتتار ىنتىماعى

민족단결


«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22- قورۇ) پوچتا نومۇرى: 830000

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 25-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5- ۋە 10-ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋەكالەت نومۇرى: 117 ـ 58

خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:

ISSN1002 —9184




● ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا كەسپىي تېخنىكا مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى

● زاڭزۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى

● مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئۇقۇمى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقى

● شىنجاڭنىڭ ئۆزلۈمچىلىك تارىخى ھەققىدە

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى: مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېقىندا مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۆگىنىش؛ 1992 - يىلى 1 - ئايدىكى مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش؛ بۇ يىلقى مىللەتلەر خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.» ھازىر، مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ سۆزىنىڭ بۇ يىلقى مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى قىسمىنى قىسقارتىپ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق. ماۋزۇسى تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

# مىللەتلەر خىزمىتىنى تېرىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى

ئىسمائىل ئەھمەد

بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى، شۇنداقلا، نۆۋەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىمىزدە تەجرىبە بار، نەتىجە بار؛ مىللىي مەسىلىنى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنى تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈر؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك مىللەتلەر خىزمىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى لازىم؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قارشى تۇرۇش لازىم؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشى لازىم؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە تارىختا شەكىللىنىپ قالغان پەرق مەسىلىسىنى ئامال قىلىپ پەيدىنپەي ھەل قىلىپ، ھەرقايسى رايونلارنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئورتاق بېيىتىش لازىم؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا چېتىلىدىغان زور ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈشتە، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىش لازىم. مەركەزنىڭ يوليورۇقىنىڭ سۆزى ئىخچام، مەزمۇنى چوڭقۇر، بۇ يوليورۇق ئىنتايىن ۋاقتىدا بېرىلگەن بولۇپ، بىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزدە غايەت زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز جەزمەن ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئويلىشىپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆرلۈك خىزمەتلەرگە كەلسەك، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم يوليورۇقىدا ۋە مەركىزىي كومىتېت پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلغان «نۆۋەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىر قانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا پىكىر»دە ئاساسىي

جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە پۇختا ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

**1. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3- تومىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مېڭىمىزنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش**

ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت توغرا نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە مۇھتاج. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3 - تومىدا ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىلگەن، پۈتۈن ئەسەردە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ شانلىق نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى – زامانىمىزدىكى ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قىبلىنامىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭمۇ قىبلىنامىسى. بىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان؛ ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىشنى پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ، 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش بىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ئۇنىڭغا بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش، تولۇق تەييارلىق كۆرۈش ئاساسىدا، بۇ ھەقتە بىر قېتىم مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىش كېرەك. شۇ ئارقىلىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، بۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىي خىزمەتلەر داۋامىدا تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

**2. مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش**

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى گوۋۇيۇەننىڭ بۇ يىل 9 - ئايدا 2 - قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى- تەرەققىياتى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىشقا قوشۇلدى، بۇ يىغىن دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ. بۇ يىغىننى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەش، يىغىننىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق، ئۇنى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان يىغىنغا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدىغان يىغىنغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىغا ئىلھام بېرىدىغان يىغىنغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم:

تەييارلىق خىزمىتىنى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەستايىدىل ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ، بۇ جەھەتتە ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىمۇ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي بولمايدۇ. ئىلغارلار ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىش، كۆرسىتىش جەريانىنى ھەرقايسى ،مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىياتىنى ئىلگىرى

سۇرۇش جەريانىغا ئايلاندۇرۇشىمىز، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەتلەر ئارقىلىق، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساستا ئىتتىپاقلىشىشى، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ـ ھەمكارلىشىشى، ئورتاق ئالغا بېسىشىنى كۈچلۈك جامائەت پىكرىگە ۋە ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، يەنە ئىككى جەھەتتىكى خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىرسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھوقۇق- مەنپەئەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئائىت خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم؛ يەنە بىرسى، بۆلگۈنچىلىككە، سىگىپ كىرىشكە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىڭغا كۈچلۈك زەربە بېرىش لازىم.

**3. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئوبدان پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئاسان قولغا كەلمەيدىغان بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى مۇمكىنقەدەر تېزلىكتە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا تەرەققىيات، مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ، بۇنىسى شۈبھىسىز، لېكىن، بىزنىڭكىدەك بۇنداق ئاھالىسى كۆپ، زېمىنى كەڭ دۆلەتتە ھەرقانچە ياخشى سىياسەتمۇ ھەر بىر رايون ۋە ھەر بىر كىشىگە بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەنپەئەت بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بەزىبىر يېڭى مەسىلىلەرگە ۋە كونكرېت قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كارخانىلارنىڭ ساپاسى بىر قەدەر ياخشىلىرىمۇ بار، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ساپاسى بىرقەدەر ناچار، شۇڭا، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىش جەھەتتە باشقا رايونلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈشكە ۋە كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بازار قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بازار قۇرۇلۇشى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، لېكىن بازارلارنىڭ يېتىلىشى تۆۋەن ھالەتتە بولغانلىقتىن، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بازارلار ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، بازار رىقابىتىنىڭ بېسىمى ناھايىتى زور بولىدۇ. ماكرولۇق تەڭشەش ـ كونترول قىلىش جەھەتتىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى نىسپىي ئاجىز بولغاچقا، ئۇ جايلار مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش ـ كونترول قىلىشىغا تېخىمۇ مۇھتاج بولىدۇ، چۈنكى مىللىي ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلارنىڭ ئۆزىنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش ـ كونترول قىلىش كۈچى چەكلىك. تەقسىمات تۈزۈمى جەھەتتىن قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى بىۋاسىتە بەلگىلەيدۇ. تەقسىمات جەھەتتە ياخشى ئۇنۇم قازانغانلارغا ئاۋۋال ئېتىبار بېرىش، تەڭ ئېتىبار بېرىشتە ئادىل بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش بەزىبىر كونكرېت قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش جەھەتتىن قارىغاندا،

ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ماددىي ئاساسنى ئارقا تىرەك قىلىدۇ، ئىگىلىك تەرەققىي قىلسا، ھۆكۈمەت زۆرۈر بولغان مالىيە كۈچىگە ئىگە بولالىسا، ئاندىن ياخشى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. بۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشتا، ئاددىي ھالدا ئىش كۆرۈپ، باشقا رايونلارنىڭ ئۇسۇلى ياكى تەجرىبىلىرىنى ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ كەلمەي، بەلكى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئۆز رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەدبىر ۋەقەدەم - باسقۇچلارنى قوللىنىشى لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ ھال بىزنىڭ كۆپلىگەن ئىنچىكە، جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشقا قاتنىشىشنى بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشىمىز لازىم. بۇ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەھۋال ئىگىلەش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئالاقىدار تارماقلارغا ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قانداق قىلغاندا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛ ئالاقىدار تارماقلارغا، جۈملىدىن مەركەزنىڭ ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزىبىر ئالاھىدە مەسىلىلەر ئۈستىدە قاراتمىلىقى بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»ىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى قاتارلىق تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ يىل ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى بويىچە ئۇنىۋېرسال سىناق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرىنچى تۈركۈمدە ئالتە ۋىلايەت، ئوبلاستتا سىناق قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا بۇ يىل بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن شەرقتىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىگە پائال تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىشنى ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

بۇلاردىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەم بېرىش؛ لەنساڭ دەرياسى ۋادىسىنى ئېچىشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرگە قاتنىشىش؛ ئاسىيا بانكىسىدىن پۇل قەرز ئېلىش تۈرلىرىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش؛ 1995 - يىلىدىكى دۇنيا باشلىقلار يىغىنى ۋە «دۇنيا ئاياللار يىغىنى»نىڭ كومىتېتىمىز ئۈستىگە ئالغان ئالاقىدار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە تۇتۇش قىلىش لازىم.

## 4. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىش

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ نامراتلىق دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، نامراتلىق دەرىجىسى بىر قەدەر چوڭقۇر، شۇڭا نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە ۋەزىپە جاپالىق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزئاقچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز چوقۇم ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىمىز بىلەن، خىزمەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھىمىز بىلەن، زور كۈچ سەرپ قىلىپ، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ،

نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇ يىل مەملىكەتلىك نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. بىز ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە «يەتتە يىلدا 80 مىليون ئاھالىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش» پىلانىغا پائال قاتنىشىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «دوكلات تىزىسى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇشىغا تىرىشىپ ياردەم بېرىشىمىز لازىم.

## 5. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش خىزمىتى جەھەتتە يېڭى قەدەم تاشلاش

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش مەسىلىسى، «دوكلات تىزىسى»غا مەخسۇس بىر مەسىلە قىلىپ كىرگۈزۈلدى، بۇ ئىشنى ئەستايىدىل ئىشلەش لازىم. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر»ى تۆۋەنگە تارقىتىلدى، جايلار ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ھۆججەتنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم.

## 6. مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش

مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق تۈردە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق تەڭشەپ تۇرۇش، يۈز بەرگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. قانۇن ئالدىدا ھەممە مىللەت باراۋەر دېگەن ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن - نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ خاراكتېرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا بېكىتىش، ئۇنى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ۋە قانۇنىي تەرتىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، قانداق مەسئۇلىيەت يۈكلىنىشكە تېگىشلىك بولسا، شۇنداق مەسئۇلىيەتنى يۈكلەش لازىم. ھەرقانداق ئادەمگە نىسبەتەن ئوخشاشلا قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش، ھەرقانداق ئادەم ئوخشاشلا قانۇنغا قەتئىي رىئايە قىلىش كېرەك، يۈز بەرگەن مەسىلىلەرگە قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان ۋاسىتىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ، قانۇنسىز تەشكىلاتلار ئۆزئارا ئالاقە باغلاش، قانۇنسىز ھالدا نامايىش قىلىش، كۈچ كۆرسىتىش، ۋەقەنى كېڭەيتىۋېتىشكە ئوخشاش ئىشلارغا يول قويۇلمايدۇ. ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى يوللۇق دەپ قاراپ، قانۇن-ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلماسلىققا بولمايدۇ. قىلغان ئىشى يولسىز بولغاندا غەلۋە - غوۋغا كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ، قىلغان ئىشى يوللۇق بولغان تەقدىردىمۇ غەلۋە - غوۋغا كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

«شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى»ۋە «مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى»دا ھازىرقى دەۋردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر

خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مىللىي يېزىلار ۋە شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە دائىر مەزمۇن ۋە تەلەپلەر قانۇن - نىزام شەكلى بىلەن بېكىتىلدى، جايلار بۇ نىزاملارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشتۇرۇشى ھەمدە كونكرېت يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

**7. ئىسلاھات داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى راۋاجلاندۇرۇش**

مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق تۈردە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، «جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە مائارىپ تەرەققىياتى پروگراممىسى»نى پەيدىنپەي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، شۇڭا مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ قانداق قىلغاندا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغانلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ نامىنى مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىگە ئۆزگەرتىشكە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك.

تۈرلۈك مەكتەپلەرگە قارىتىلغان مىللىي سىياسەت تەربىيىسىگە ئورتكە بولۇپ، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر دەرسلىك ئوقۇشلۇقلارنى يېزىپ چىقىش خىزمىتىنى تاماملاش لازىم.

**8. مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش**

مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، شۇنداقلا كەڭ بىر زېمىن، بۇ جەھەتتە ئىشلىگىلى بولىدىغان ۋە ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن ئىشلار بار. ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى، تەرەققىيات پىلانى مەسىلىسىنى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىنى، كونىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ يېڭىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش مەسىلىسىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش، شۇ ئارقىلىق، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، مىللىي مەدەنىيەتنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرۈش ھەمدە ئۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. بۇ جەھەتتە بۇ يىل ئىشلىنىدىغان كونكرېت خىزمەتلەر تۆۋەندىكىچە:

- «5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى»نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش.
- «5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېلېۋىزور بەدىئىي فىلمى (تۇلپار مۇكاپاتى)»نى باھالاپ چىقىش، «تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللىي ئېمىدىكى كىنولارنى باھالاپ مۇكاپاتلاش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ياخشى ئېلىپ بېرىش.
- مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتىدە گوۋۇيۈەنىنىڭ (1991) 32 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى داۋاملىق

ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، تىل - يېزىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

**9. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىش**

مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇش، قانۇنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى ئىگىلەش، ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا تاللاش لازىم. توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ۋە مىللىي قانۇن - نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە مەيدانغا كەلگەن ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قىلىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىشقا ماسلاشقان ھالدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەشۋىقات داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىي ساقلىنىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ھازىرقى تەشۋىقات بازىلىرى ۋە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭى تەشۋىقات بازىلىرىنى ئېچىپ، يېڭى ۋاستىلەرنى كۆپەيتىپ، تەشۋىقات دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا، تېخىمۇ كەڭلىككە، تېخىمۇ زور ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش لازىم.

**10. ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىش، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش**

چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەپسىلىي ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇش ئاساسىدا، «ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر ئاساسلىق مەسىلىلەر ۋە تەدبىرلەر»، «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى»، «شەرق بىلەن غەربتىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش»قا ئالاقىدار تېمىلاردىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم.

**11. ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاقىدار بولغان تاشقى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش**

ھەر خىل يوللارنى داۋاملىق يوسۇندا كەڭ ئېچىپ، ئېلىمىز ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن بولغان باردى - كەلدىسى ۋە ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىشى لازىم. مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي، سودا جەھەتتىكى ئالاقىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشى ئۈچۈن كۆۋرۈك ھازىرلاپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق، چەت ئەللەرگە قارىتىلغان خىزمەتنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئەسلىدە مۇناسىۋەت بار ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتكەندىن سىرت، يەنە كەڭ يول ئېچىپ، ياۋروپا، ئەرەب ئەللىرى ۋە ئەتراپتىكى دۆلەت ھەم رايونلار بىلەن بولغان ئالاقە يوللىرىنى پائال كېڭەيتىپ، بېرىش - كېلىشنى كۆپەيتىش، دوستانە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

## 12. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش

كومىتېتىمىزنىڭ «ئۈچنى بېكىتىش»لايىھىسى ئەستىقلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، گوۋويۈەنگە قاراشلىق ھەرقايسى مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ خادىملىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن % 20 قىسقارتىلىدىغان ئەھۋالدا، كومىتېتىمىزدىن قىسقارتىلىدىغانلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمايدۇ. فۇنكسىيە جەھەتتىن قارىغاندا، ئەسلىدىكى فۇنكسىيىمىز ساقلاپ قېلىنغاندىن سىرت، كومىتېتىمىزغا يەنە بەزى يېڭى فۇنكسىيىلەر قوشۇلدى. ئاساسلىقى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش فۇنكسىيىسى قوشۇلدى، بۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئوتتۇرا - ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقىشقا قاتنىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «ئۈچنى بېكىتىش»لايىھىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئەستايىدىل تۈردە فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ ئېنىقلىغان ھالدا ئۆزگەرتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەجبۇرىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشى لازىم.

كومىتېت ئەزاسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزۈلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى كومىتېت ئەزالىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە تېخىمۇ كۆپرەك قاتنىشىپ، تېخىمۇ كۆپرەك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، جۈملىدىن ئۆز تارمىقى بىلەن مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىيە، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىنى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، روھىنى ئۇرغىتىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، باش چۆكۈرۈپ پۇختا ئىشلەپ، تىرىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش، يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە، يەرلىك ئاپپاراتلار ئىسلاھاتىمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي باشقۇرۇش تارمىقى، كۈچەيتىشكە تېگىشلىك تارماق، جايلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا بۇنى تولۇق ئېتىبارغا ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ھازىر، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىمىزنىڭ نىشانى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، پىكىر يولى تېخىمۇ ئېنىق بولدى.شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى خادىملىرىمىزمۇ روھىنى تېخىمۇ ئۇرغىتىشى، تېخىمۇ تولۇپ - تاشقان ئىشەنچكە ئىگە بولۇشى لازىم. بىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتايلى. ئەلا نەتىجىلەر بىلەن ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى كۈتۈۋالايلى.

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

# شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى

(1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.)

1 - ماددا بۇ نىزام شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش، شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىساد، مـەدەنـىـيـەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە تۈزۈلۈپ چىقىلدى.

2 - ماددا بۇ نىزامدا ئېيتىلغان شەھەر — دۆلەت مەمۇرىي شتات بويىچە تەسىس قىلغان بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە شەھەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

3 - ماددا شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گـۈللـىـنـىـشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

4 - ماددا ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شـەھـەرلـىـك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى مۇھىم بۇرچ دەپ قارىشى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

5 - ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز جايىدىكى ئـاز سـانلـىـق مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى لازىم.

شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز جايىدىكى ئاز سانلىق مـىـلـلـەتـلـەرنـىـڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەبلەغ ئاجرىتىشتا، مالىيە كۈچىگە ئاساسەن مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشى لازىم.

6 - ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغان تارماقنى بەلگىلىسە ياكى مەخسۇس كادىر سەپلەپ مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرسا بولىدۇ.

7 - ماددا ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى كۆپرەك بولغان شـەھـەرلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنىڭ ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تـۇرمۇشىغا بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان تارماقلار ياكى ئورۇنلار مۇۋاپىق ساندا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى سەپلىشى لازىم.

8 - ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئـاز سـانلـىـق مىللەت كەسىپ - تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

شـەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى كارخانىلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىشىغا ئىلھام بېرىشى لازىم.

9 - ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى قوللاشنى كۈچەيتىشى لازىم.

شـەھـەرلـىـك خـەلق ھـۆكـۈمـەتلـىـرى مـۇۋاپىق تـەدبـىـرقـولـلـىـنـىـپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مىللىي مەكتەپلەرنى (سىنىپلارنى) ياختى ئېچىشى، خىراجەت، ئوقۇغۇچىلارنى سەپلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مىللىي مەكتەپلەرگە (سىنىپلارغا)مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشى ھەمدە شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشى لازىم.

يەرلىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تارماقلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئـەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەجبۇرىي مائارىپنىڭ كېيىنكى بـاسـقـۇچـىـدىكى ئىمتىھان بەرگەن ئاز سانلىق مىللەت

ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشى لازىم.

10 ـ ماددا كرېدىت تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاساسىي مۇلازىمەت ئوبيېكتى قىلغان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشى، پىششىقلاپ ئىشلەش، تىجارەت قىلىش، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ۋە كوللېكتىپ كارخانىلارغا قەرزپۇل بېرىش سانى، قەرز پۇلنى قايتۇرۇش مۇددىتى ۋە ئۆز ئىلكىدىكى مەبلەغنىڭ نىسبىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىشى لازىم.

11 ـ ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مۇشۇ نىزامنىڭ 10 ـ ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن كارخانىلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارغا قەرز پۇل بەرگەندە، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ۋە شارائىتىغا ئاساسەن ئۆسۈم قوشۇپ بەرسە بولىدۇ.

12 ـ ماددا مۇشۇ نىزامنامىنىڭ 10 ـ ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن كارخانىلار باج تاپشۇرۇشتىن ھەققەتەن قىينالسا، باج ئورگانلىرى ئالاقىدار باج قانۇن ـ نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، باجنى كېمەيتىشى ياكى كەچۈرۈم قىلىشى لازىم.

13 ـ ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن مۇسۇلمان ئاشخانىلىرى، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تەمىنلەش تور ـ نۇقتىلىرىنى مۇۋاپىق قۇرۇشى ھەمدە مەبلەغ سېلىش، قەرز پۇل بېرىش، باج جەھەتلەردە يار يۆلەك بولۇشى لازىم.

14 ـ ماددا شەھەرلەردىكى مىللىي سودا كارخانىلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى مۇقىم نۇقتىدا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا ئېتىبار بېرىشتە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم.

15 ـ ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئالاقىدار ئىقتىساد، تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ۋە يېزىلاردىكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان توغرا لىنىيىلىك ئىقتىساد ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى قوللىشى ھەمدە ئۇنى تەشكىللىشى لازىم.

16- ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى شۇ شەھەرگە كىرىپ كارخانا قۇرغان ۋە باشقا قانۇنلۇق تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان باشقا جايلىق ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىغا ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن قولايلىق يارىتىپ بېرىشى، ئۇلارنى قوللىشى لازىم.

شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆچمەن خادىملىرىنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىشى لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت كۆچمەن خادىملىرى دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى لازىم.

17 ـ ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى لازىم. تەشۋىقات، خەۋەر قىلىش، ئەدەبىي ئىجادىيەت، كىنو ۋە تېلېۋىزىيىگە ئېلىش جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە، دىنىي ئېتىقادىغا، مىللىي ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش لازىم.

18 ـ ماددا مۇسۇلمانچە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى كارخانىلىرى، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىدىغان مەلۇم نىسبەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، باشقۇرۇش كادىرلىرىنى سەپلىشى لازىم. مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى توشۇيدىغان قاتناش ۋاسىتىلىرى، ئۆلچەم ئەسۋابلىرى، ساقلاش ـ قاچىلاش ئۈسكۈنىلىرى، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش سورۇنلىرىنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

مۇسۇلمانچە يېمەك ـ ئىچمەك كارخانىلىرى،

مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىدا ھۆددىگەرلىك، ئىجارىگە بېرىشنى يولغا قويغاندا، ئادەتتە ئالاقىدار ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىغا ھۆددىگە بېرىش ياكى ئىجارىگە بېرىشى لازىم. مۇسۇلمانچە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كارخانىلىرى ۋە مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى باشقا كارخانىغا قوشۇۋەتكەندە ياكى ئۇنى باشقا كارخانىلار قوشۇۋالغاندا، ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت يۆنىلىشىنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىك لازىم. مۇلازىمەت يۆنىلىشىنى ھەقىقەتەن ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش لازىم.

19 - ماددا ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى كۆپرەك بولغان شەھەرلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئېھتىياجغا ۋە شارائىتقا قاراپ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت يۇرتى (پونكىتى)، كۇتۇپخانا تەسىس قىلىشى لازىم.

20 - ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى، شۇنداقلا ئېھتىياج ۋە شارائىتقا قاراپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى تەرجىمە، نەشر قىلىش ئىشلىرى ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشى لازىم.

21 - ماددا ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى كۆپرەك بولغان شەھەرلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەمەلىي ئېھتىياج ۋە شارائىتقا قاراپ، مىللىي شىپاخانا، مىللىي تىبابەت ۋە دورىگەرلىك تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تىبابەت ۋە دورىگەرلىك ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇشى لازىم.

22 - ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدىكى تەشۋىقات، تەربىيە ۋە يېتەكچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىشى لازىم.

23 - ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كوچىلاردا شەھەر پىلانىغا ئاساسەن، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بىنالارنى ئاشۇرۇشى ۋە سېلىشى لازىم.

24 - ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم.

25 - ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئالاھىدە دەپنە ئادىتى بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قەبرىستانلىق يېرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشى ھەمدە تەدبىر قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا قارىتىلغان مۇلازىمەتنى كۈچەيتىشى لازىم.

شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دەپنە ئىشلىرىنى ئۆز ئىختىيارىي بىلەن ئىسلاھ قىلغان ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى قوللىشى لازىم.

26 - ماددا ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ مۇھىم ھېيت - مەرىكىلىرىگە قاتناشماقچى بولغاندا، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئەينەن تارقىتىپ بېرىلىشى لازىم.

27 - ماددا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شەھەرلەردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان، تۆھپە قوشقان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى، مۇكاپاتلىشى لازىم.

28 - ماددا ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مۇشۇ نىزامغا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ.

29 - ماددا بۇ نىزامنى چۈشەندۈرۈشكە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

30 - ماددا بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلىدۇ.

# مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى

**(1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.)**

**1 - ماددا** بۇ نىزام مىللىي يېزىلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق- مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** مىللىي يېزىلار - ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا قۇرۇلغان يېزا دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونلاردۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى پۈتۈن يېزىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 30 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان يېزىلار بەلگىلىمە بويىچە مىللىي يېزا قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئالاھىدە ئەھۋالدا نوپۇس نىسبىتى بۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولسىمۇ بولىدۇ.

**3 - ماددا** مىللىي يېزا قۇرۇشنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بەلگىلەيدۇ.

مىللىي يېزىلارنىڭ نامى ئالاھىدە ئەھۋال بولغانلىرىدىن باشقىلىرىدا يەر نامىغا مىللەت نامى قوشۇلۇپ بېكىتىلىدۇ.

**4 - ماددا** مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى خىزمەتچىلەرنى سەپلىگەندە ئىمكان قەدەر مىللىي يېزا قۇرغان مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى سەپلىشى لازىم.

**5 - ماددا** مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزگەندە، شۇ جايدىكى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل- يېزىقنى قوللىنىشى لازىم.

**6 - ماددا** مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قانۇن- نىزاملار ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۆز يېزىسىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، شۇ جاينىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ ئىقتىساد، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

**7 - ماددا** مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، مىللىي سىياسەت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەيدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ.

**8 - ماددا** مىللىي يېزىلارنىڭ مالىيىسىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي يېزىلارغا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە بەلگىلەيدۇ.

مىللىي يېزىلاردىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى مالىيە خام چوتى تۈزگەندە، مىللىي يېزىلارغا مۇئەييەن زاپاس مالىيە كۈچى قالدۇرۇشى، يېزا مالىيە كىرىمىنىڭ ئاشقان قىسمى ۋە مالىيە چىقىمىنىڭ تېجەلگەن قىسمىنى مىللىي يېزىلارنىڭ ئۇبوروت مەبلىغى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە پۈتۈنلەي قالدۇرۇشى لازىم.

**9 - ماددا** كرېدىت تارماقلىرى قانۇن - نىزاملار ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغان مىللىي يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشقا، بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىشى ئۈچۈن، قەرز پۇل بېرىشتە ئېتىبار بېرىشى لازىم.

**10 - ماددا** ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى باج قانۇنى، نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە باج ئېلىشنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن، باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، مىللىي يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولسا بولىدۇ.

**11 - ماددا** ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا ياردەم بېرىدىغان مەخسۇس مەبلەغ ۋە تۇراقلىق، ۋاقىتلىق مەخسۇس مەبلەغلەرنى تەقسىم قىلغاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغان مىللىي يېزىلارغا ئېتىبار بېرىشى لازىم.

ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەخسۇس ماددىي ئەشيالىرىنى تەقسىم قىلغاندا، نامرات مىللىي يېزىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىشى لازىم.

12 - ماددا مىللىي يېزىلار قانۇن - نىزام ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۆز يېزىسىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى باشقۇرۇشى ۋە ئاسرىشى ھەمدە ئۆز يېزىسى ئاچسا بولىدىغان تەبىئىي بايلىقلارنى ئالدى بىلەن مۇۋاپىق ئېچىپ، ئۇلاردىن مۇۋاپىق پايدىلانسا بولىدۇ.

مىللىي يېزىلار قانۇن بويىچە بايلىقلارنى ئېچىپ، كارخانا قۇرغاندا مىللىي يېزىلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە شۇ جايدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئېتىبار بېرىش، پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى قوبۇل قىلىش ئىشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

13 - ماددا ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي يېزىلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سۇ ئىنشائاتى ۋە ئېلېكتر - ئېنېرگىيە ئىشلىرى قاتارلىق ئاساس مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىشى، مىللىي يېزىلارنىڭ قاتناش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يار - يۆلەك بولۇشى لازىم.

14 - ماددا ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئوقۇتقۇچى، خىراجەت، ئوقۇتۇش مۇئەسسەسىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، مىللىي يېزىلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشى، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىشى لازىم.

مىللىي يېزىلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئىپتىدائىي كەسپىي مەكتەپلەرنى قۇرسا بولىدۇ؛ چارۋىچىلىق رايونلىرى، تاغلىق رايونلار ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار مىللىي يېزىلار يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكىدە ياتاقلىق مەكتەپ ۋە ئوقۇش پۇلى بېرىشنى ئاساس قىلغان مەكتەپلەرنى قۇرسا بولىدۇ.

مىللىي يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمميۈزلۈك قوللىنىدىغان تىل - يېزىقتا ئوقۇتۇشنى يولغا قويسا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان ئورتاق خەنزۇ تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت تىل- يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ مەمۇرىي خىراجىتى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ شتاتى ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولسا بولىدۇ.

مىللىي يېزىلار يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى لازىم.

ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئالاقىدار ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مىللىي سىنىپ ئېچىپ، مىللىي يېزىلاردىن ئىمكان قەدەر مەلۇم ساندىكى ئوقۇغۇچىنى ئوقۇشقا كىرگۈزسە بولىدۇ.

15 - ماددا ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي يېزىلارنىڭ پەن- تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە ياردەم بېرىشى، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئويۇشتۇرۇشى ۋە ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

16 - ماددا ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي يېزىلارنىڭ رادىئو ئۈزىلى، مەدەنىيەت يۇرتى (پونكىتى)قاتارلىق مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرىنى قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشىغا، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدىشى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم.

17 - ماددا ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي يېزىلارنىڭ تېببىي دورىگەرلىك، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا پائال ياردەم بېرىشى، مىللىي يېزىلارنىڭ شىپاخانا (پونكىت)لارنى ياخشى باشقۇرۇشىغا، ئاز سانلىق مىللەت تېبابەت داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشى ۋە ئىشلىتىشكە، يەرلىك كېسەللىك، كۆپ قوزغىلىدىغان، دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى

ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئىشلىرىنى كۈچەيتىشكە، ئاياللار- باللار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشقا يار- يۆلەك بولۇشى لازىم.

18 - ماددا مىللىي يېزىلار پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىشى، سۈپەتلىك تۇغۇش، تېمەن يېتىشتۇرۇش تەربىيىسىنى ياخشىلىشى، نوپۇسنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

19 - ماددا مىللىي يېزىلار يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكىدە ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىشنى كۈچەيتىشى لازىم.

20 - ماددا مىللىي يېزىلار كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ۋە ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈپ، ئۆز يېزىسىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇشى لازىم.

نـاھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەۋەتىش، تەكلىپ بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەش، نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار، دوختۇرلار، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى مىللىي يېزىلارغا خىزمەتكە بېرىشقا تەشكىللىشى لازىم.

نـاھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى چەت - ياقا رايونلاردىكى مىللىي يېزىلاردا ئۇزاق مۇددەت خىزمەت ئىشلىگەن ئوقۇتقۇچىلار، دوختۇرلار ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىدىن بەھرىمەن قىلىشى لازىم.

21 - ماددا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بازارلارنىڭ مەمۇرىي خىزمىتىدە مۇشۇ نىزامدىن پايدىلىنىش لازىم.

22 - ماددا تەۋەلىكىدە مىللىي يېزا بولغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى مۇشۇ نىزامغا ئاساسەن يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ.

23 - ماددا بۇ نىزامنى چۈشەندۈرۈشكە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

24 - ماددا بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلىدۇ.

## پارلامېنت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟

پارلامېنت تۈزۈمى «ۋەكالەت تۈزۈمى» ياكى «دۆلەت مەجلىسى تۈزۈمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق تۈزۈمنى قوللانغانلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستىك دۆلەت بولۇپ، ئاساسىي قانۇندا شەكىل جەھەتتىن پارلامېنت قانۇن تۈزۈش ۋە ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، دەپ بەلگىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە پارلامېنت ھوقۇقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى بۇرژۇئازىيە ئۆز مەنپەئىتىگە ئاساسەن بەلگىلەيدۇ، پارلامېنت پەقەت بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنىڭ زىننەت بۇيۇمى ۋە قورالىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

## ئىچكى كابىنېت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟

ئىچكى كابىنېت تۈزۈمى - كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئىچكى كابىنېت مەمۇرىي ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىدىغان ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلىدىن ئىبارەت. ئىچكى كابىنېت (ھۆكۈمەت)نى پارلامېنتتا كۆپ ئورۇنغا ئىگە بولغان پارتىيە ياكى پارلامېنتتا كۆپ ئورۇننى تەشكىل قىلغان بىر نەچچە پارتىيە بىرلىشىپ تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنى دۆلەت باشلىقى تەيىنلەيدۇ، ئىچكى كابىنېتنىڭ باشلىقى زۇڭلى ياكى باش ۋەزىر بولىدۇ. ئادەتتە قانۇندا شەكلەن ھالدا كابىنېت پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە پارلامېنتنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ بەلگىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئىچكى كابىنېت ۋە پارلامېنتنى كاپىتال گورۇھى تىزگىنلەيدۇ. ئۇنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى كۆپىنچە پارلامېنتنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ.

(جەمئىيەت بىلىملىرى لۇغىتى).

# بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى

جاڭ دېجياڭ

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى، مەيلى نەزەرىيە جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەمەلىيەتتە بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ھەم جىددىي مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك تېما بولۇپ قالدى.

## خىرىس ۋە رىقابەت

بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قىممەت قانۇنىنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇن كېلىشى؛ بازار ئۇچۇرىنى يېتەكچى قىلىپ، باھادىن ئىبارەت پىشاڭ ۋە رىقابەت مېخانىزمىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بايلىق مەنبەلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى ياخشىلاش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئەڭ زور قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەلالىرى غەلىبە قىلىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ كېتىشنى يولغا قويۇش بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ تۈپ تەلىپىدۇر. ئادىل رىقابەت بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا بازار ئىگىلىكىنىڭ جانلىق يېرى. ئادىل بولۇش — تۈرلۈك تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ساتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇن باراۋەرلىكى، بازارغا كىرىش ۋە رىقابەتكە قاتنىشىش پۇرسىتىدە باراۋەر بولۇش، ھەممەيلەن بىردەك قائىدە بويىچە رىقابەتلىشىشتە گەۋدىلىنىدۇ. رىقابەت — ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن تىجارەتچىلەر ئىمكان قەدەر ئىلغار پەن-تېخنىكا ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، تاۋارنىڭ ئايرىم ئەمگەك سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەرزان باھا، ئەلا سۈپەتلىك تاۋار ۋە مۇلازىمەت ئارقىلىق بازارنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بازار رىقابىتى بارلىق ئىقتىسادتىن ھالقىغان ئامىللارنى چەتكە قاقىدۇ، ئۇ، ھەرگىزمۇ رايون، مىللەت ئايرىمايدۇ، بىر رايون بىر مىللەتنىڭ تەبىئىي شەرت-شارائىتى، تارىخىي ئۆزگىرىشى ۋە ئىقتىساد - مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى قاتارلىقلارنى ئويلاشمايدۇ. بۇ يەردە، ھەممىنى بەلگىلەيدىغىنى پەقەت ئىقتىساد-مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىپ پائالىيەتچانلىق.

بۇنداق بازار ئىگىلىكىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتا ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا خىرىس ۋە رىقابەت ئوخشاشلا مەۋجۇت.

خىرىس دېگىنىمىز، بازار ئىگىلىكىنىڭ زور دولقۇنىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا رىقابەتكە قاتنىشىشى، ئەلالىرى غەلىبە قىلىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ كېتىش سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك دېگەنلىك. تارىختىكى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بازار رىقابىتىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئىقتىسادىي بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھە دېگەندىلا ناھايىتى ناچار ئەھۋالدا تۇرۇپ قالىدۇ. بىرىنچىدىن، تەبىئىي شەرت-شارائىتى ناچار. ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادىي ئاساسىي ئاجىز. ئۈچىنچىدىن، مەدەنىيەت، مائارىپ نىسبەتەن ئارقىدا.

پۈرسەت مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بارلىق تەبىئىي ۋە سۈنئىي بېكىنمىچىلىك ھالەتلىرىنى مۇقەررەر بۇزۇپ تاشلاپ، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىگىلىكىنى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازارغا كىرگۈزۈش ھەم ئۇلارنى دۇنيا بازارلىرىغا يۈزلەندۈرۈش. ئىككىنچىدىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. مەسىلەن: يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز، تەبىئىي بايلىقى مول، تەرەققىياتتا يوشۇرۇن كۈچى زور؛ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى چېگرا ياقىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش شارائىتىغا ئىگە، ۋەھاكازالار. شۇڭا بېكىنمىچىلىكنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشكە ئۆزگەرتكەندىلا ۋە تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئۆزگەرتكەندىلا ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ

ئىقتىسادىي بىر قەدەر كۈچلۈك رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ.

پۇرسەت ۋە خىرىس ئالدىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىدا دەۋرنىڭ جىددىيلىك تۇيغۇسى، تارىخنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئۈلمىي پوزىتسىيىسى بولۇشى زۆرۈر؛ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، پۇرسەتنى قەدىرلەش، پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىش لازىم.

## ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسىي پىكىر

### 1. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقى ئېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىدىيە جەھەتتىكى پەرق. شۇڭا ئۇچۇن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە نۆۋەتتە جىددىي بولۇۋاتقىنى ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش. ئۇزۇندىن بۇيان ناتورال ئىگىلىك ۋە پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا شەكىللەنگەن بېكىنمىچىلىك، قاتماللىق، مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە باپ كېلىدىغان ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئالغا ئىلگىرىلەش ئىدىيىسىنى تىكلەش لازىم. كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، مۇقىملىقنىلا تەلەپ قىلىپ، زىيادە ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىدىغان، ئانچە-مۇنچە باي بولۇپلا شۈكرى قانائەت قىلىدىغان ئىدىيىنى چىقىرىپ تاشلاپ، تەۋەككۈلچىلىك ئېڭى ۋە رىقابەت قارىشىنى تىكلەش؛ «مەجبۇرىيەتنى ئەلا بىلىپ، مەنپەئەتكە سەل قاراش» ئىدىيىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم قارىشىنى تىكلەش؛ «ساقلاش»، «تايىنىش»، «تەلەپ قىلىش» ۋە ھېچنېمىنى قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن ئىدىيىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەش، ئىش ئادەمگە باغلىق دېگەن قاراشنى تىكلەش؛ كونا تەجرىبە، كونا ئۇسۇللار ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى چىقىرىپ تاشلاپ، پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش قارىشىنى تىكلەش؛ تار رايونۋازلىق ئىدىيىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئومۇملۇق قارىشىنى تىكلەش لازىم.

### 2. ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەش

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، «كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قۇرۇلۇشى»، «دىسلەپكى قەدەمنى بېسىش قۇرۇلۇشى» ۋە «تەرەققىيات قۇرۇلۇشى»نى لايىھىلەش ۋە يولغا قويۇشى لازىم.

1) يىرىك يېزا ئىگىلىكى قارىشىنى تىكلەپ، ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش. كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغان جايلار ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ئىمكان قەدەر تېز ھەل قىلىش؛ ئاندىن كېيىن كىرىمنى ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىپ يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پەيدىنپەي تەڭشەپ، ئىقتىسادىي زىرائەت، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، تاۋارلاشقان يېزا ئىگىلىكىگە قاراپ تەرەققىي قىلىش لازىم. مانا بۇ «كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قۇرۇلۇشى» دۇر.

2) ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي بايلىقىغا تايىنىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلگىرىكىدەك ئاساسلىقى خام ماتېرىيال ۋە يېرىم پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارنى سېتىشنى، تولۇق پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تۈجۈپىلەپ پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئۆزگەرتىپ، باھا قىممىتىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مانا بۇ «دىسلەپكى قەدەمنى بېسىش قۇرۇلۇشى» دۇر.

3) ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كېيىنكى كۈچىنى ئاشۇرۇش. بىرىنچىدىن، قاتناش قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش لازىم. تورلاشقان قاتناش بولۇش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، تۆمۈريول، تاشيول، سۇ يولى، ئاۋىئاتسىيىدىن ئىبارەت

تۆت خىل قاتناش قۇرۇلۇشىنى تېز تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، چېگرىدىكى رايونلار دۆلەت ئىچىدىكى قاتناش غول لىنىيىسى بىلەن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ قاتناش غول لىنىيىسىنى ئۇلاشنى ئىزچىل ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش لازىم. ئالدى بىلەن چەت يىراق تاغلىق رايونلىرىدا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېلېفون، تېلېگراممىا بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئاندىن كېيىن كونترول قىلىنىدىغان تېلېفون، يۆتكىلىشچان خەۋەرلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئېنېرگىيە مەنبەسى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، يەر ئىسسىقلىقى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈش، چارلاش، ئېچىش ۋە پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئېنېرگىيىنى تېجەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. تۆتىنچىدىن، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي كەسىپ ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، دەريا، ئۆستەڭلەرنى تىزگىنلەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، زېمىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

4) ئۆز جايىنىڭ شەرت-شارائىتى ۋە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن پىلانلىق ۋە مۇھىم نۇقتا بولغان يۇقىرى يېڭى تېخنىكا كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش. بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىك سۈيىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. شۇڭلاشقا تۈرلەرنى چوقۇم ياخشى تاللاش، يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى دەلىللەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، كۈچكۈل قويۇپ تەشكىللەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بىرنى قۇرۇپ، بىردىن پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭ تۈگۈنلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

5) سەيلى-ساياھەت ئىشلىرى ھەم 3- كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كۆپلىگەن ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىلىرى، مول مەزمۇنلۇق مىللىي مەدەنىيىتى بار بولۇپ، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى ناھايىتى زور دەرىجىدە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. سەيلى-ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. بۇ مۇھىم بىر كەسىپكە ئايلاندۇرۇلۇشى لازىم. 3- كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە سەيلە-ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنىڭغىمۇ تولۇق ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مانا بۇلار «تەرەققىيات قۇرۇلۇشى» دۇر.

## 3. چېگرا ياقىلىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش

سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىر، ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش، بېكىنمىچىلىكنى بۇزۇپ تاشلاش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ياردەم بېرىدۇ. سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنى ئەتراپلىق راۋاجلاندۇرۇشتا بۆسۈش ئېغىزى قىلىشقا بولىدۇ.

چېگرا رايونلاردىكى سودا ئېغىزلىرىنىڭ مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئېغىزلارنىڭ كۆزنەكلىك رولىنى ۋە رادىئاتسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. چېگرا سودىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئۇنى رايون ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ مۇھىم يولى قىلىش لازىم. قاتتىق، يۇمشاق مەبلەغ سېلىش مۇھىتى قۇرۇلۇشىنى ئىزچىل ئېلىپ بېرىپ، چەت ئەللەرنىڭ مەبلىغى، تېخنىكا، ئۈسكۈنە، ئىختىساسلىق خادىم ۋە باشقۇرغۇچى خادىملارنى پائال كىرگۈزۈپ، ئۈچ تەرەپ مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى قۇرۇش؛ چەت ئەللەردىكى كارخانىلار بىلەن شۇ جايدىكى كارخانىلارنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھازىر بار بولغان كارخانىلارنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى كۈللەندۈرۈش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئېغىزلارنى راۋاجلاندۇرۇشتا توغرا لىنىيىلىك بىرلەشتىن پايدىلىنىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرنى چېگرا رايونلاردا تۈرلۈك شەكىللەردىكى ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئېلىپ بېرىشقا جەلپ قىلىپ، ئۆزئارا پايدا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، ئورتاق راۋاجلىنىش لازىم.

## 4. ئىختىساسلىق خادىملارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈش

ئالدى بىلەن كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى، مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە رەھبەرلىك

ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇلارنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىش، چەت ئەللەرگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىش، مەخسۇس مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەش، ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇپ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش، رايون ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى غوللۇق كۈچلەرگە ئايلاندۇرۇش لازىم. رايونلار ئارىسىدىكى بېكىنمە ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش، كادىرلارنى ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇش لازىم. ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە شارائىتى ئارقىلىق باشقا جايلاردىكى كادىرلارنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا كېلىپ خىزمەت قىلىشقا جەلپ قىلىش لازىم. ھەرقايسى مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدا، شۇ جايدىكى كادىرلار بىلەن باشقا جايلاردىن كەلگەن كادىرلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى چوقۇم ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرەلىگەن كادىرلار ياخشى كادىرلاردۇر ئۇلارنى دادىل ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش لازىم. مۇنداق بىر كۆز قاراشنى مۇقىملاشتۇرۇش يەنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيىتىگە قاراپ باھا بېرىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىكى جاسارىتىگە باھا بېرىش، ئاقىللارنى ئەتراپىغا يىغىشىغا قاراپ تەرەققىياتىغا باھا بېرىش لازىم.

مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كېيىنكى كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. چوقۇم مائارىپنى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلاشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، مائارىپقا بولغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش، ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. شەرت-شارائىتى بار جايلار ئالىي مائارىپنى يولغا قويۇپ، مائارىپ سىستېمىسىنى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش يولىغا مېڭىش لازىم. كادىر ۋە ئامما ئارىسىدا پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، دېگەن قاراشنى مۇستەھكەم تىكلەش، پەن-تېخنىكىدا «تاغقا چىقىش، يېزىلارغا چۈشۈش»نى يۈرگۈزۈش لازىم. ئۆز جايىنىڭ پەن تەتقىقات قوشۇنى ۋە بازىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا «كىرگۈزۈش پەرمىلىك»نى پائال يولغا قويۇپ، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن-تېخنىكىنى كىرگۈزۈش، ئىشلىتىش، كېڭەيتىش ۋە ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

## دۆلەت ماكرو جەھەتتىن ياخشى باشقۇرۇشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ـ دۆلەت ماكرو جەھەتتە باشقۇرىدىغان بازار ئىگىلىكى. دۆلەتنىڭ ماكرو جەھەتتە باشقۇرۇشى بازاردا ئىسلىدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان پاسسىپلىقنىڭ تەسىرىنى تۈزىتىشتىكى مۇھىم ۋاستە. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئاساسىي ئاجىز، بازار ئىگىلىكىگە قاتنىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولمىغانلىقتىن، بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىدا، پەقەت ئۆزلىرىنىڭلا تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، رىقابەت جەريانىدىكى پاسسىپلىق ئورنىنى ئۆزگەرتىشى ناھايىتى تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ باشقا رايونلار بىلەن ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن، دۆلەت چوقۇم ماكرو جەھەتتە باشقۇرۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشى، ئۇلارنى ئىمكان قەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەقىقىي باراۋەرلىك ئورنىغا ئىگە قىلىشى لازىم.

ئالدى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىيلىق. تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە نۆۋەتتىكى رېئاللىق شۇنى تولۇق چۈشەندۈردىكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى بولمىسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىمۇ بولمايدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى بولمىسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىمۇ بولمايدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بازار سىستېمىسى بەرپا قىلىنمىسا، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ھەمدە ئېچىۋېتىلگەن بازارمۇ بولمايدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھاللىق سەۋىيىسى بولمىسا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭمۇ ھاللىق سەۋىيىسى بولمايدۇ. شۇڭا پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ھەرقانداق بىر سىياسەت ۋە تەدبىر،

ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگىمۇ ۋە دۆلەتنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئالاھىدە سىياسەت يۈرگۈزۈلۈشى لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت بىر قىسىم رايون ۋە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئالدىن بېيىشقا رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتىنى قوللانغان ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دېڭىز ياقىسى رايونلىرىنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويدى. دېڭىز ياقىسى رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي بوشۇش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئىگە قىلىندى. شەك-شۈبھىسىزكى بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا بولدى. لېكىن كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان پاكىت شۇكى، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق، چېگرا رايون، ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرى بىلەن دېڭىز ياقىسى رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنىمۇ زورىيىپ كەتتى، بۇ رايونلار بازار رىقابىتى جەريانىدا پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. نۆۋەتتە پارتىيە ۋە دۆلەت دېڭىز ياقىسىنى ئېچىۋېتىشنى، چېگرا ياقىسى رايونلىرىنى ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى چوڭ شەھەرلەرنى ئېچىۋېتىشتەك ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش سىياسەتلەرنى قوللىنىۋاتىدۇ. بۇ «رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى كىچىكلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئەمما ئۇزاقتىن بۇيان نىسبەتەن ئارقىدا قېلىپ كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تېزدىن دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا يېتىشىۋېلىشتا كونا ئەنئەنىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، سەكرەپ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، مىللىي ئاپتونومىيىنى يولغا قويغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىگە، دۆلەت ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون، دېڭىز ياقىسى ئېچىۋېتىلگەن شەھەر ۋە چېگرا ياقىسى ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بېرىشى لازىم.

ئۈچىنچىدىن، نۇقتىلىق يار-يۆلەك بولۇشى لازىم. ئادىل رىقابەت ۋە ئۈنۈم بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدىكى چوقۇم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى چوڭ مەسىلە. ئادىل بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتە. بازار رىقابىتىدە شەكىل جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى ياپىدۇ. مەسىلەن: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن دېڭىز ياقىسى رايونلىرىنىڭ رىقابىتى دەل مۇشۇنداق. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، دېڭىز ياقىسى رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىش ئارقىلىق پاسسىپ تەڭپۇڭلۇقنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ؛ ئەكسىچە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئارقىلىقلا ئاكتىپ تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئادىل رىقابەتنى ۋە ئۈنۈمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت ئىقتىسادىي، قانۇنىي ۋە مەمۇرىيەتتىن ئىبارەت تۈرلۈك ماكرو جەھەتتىكى باشقۇرۇش ۋاستىلىرى ئارقىلىق، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، رىقابەتلىشىشنى رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن، مىللىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپ سىياسىتى، مالىيە سىياسىتى، پۇل - مۇئامىلە سىياسىتى ۋە كادىرلار ئىشلىرى سىياسىتى قاتارلىقلاردا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مايىل بولۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش لازىم ھەمدە بۇ خىل مايىل بولۇشنى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ۋەزىپە، كۆرسەتكۈچ، تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مايىل بولۇش سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىنى قانۇنلاشتۇرۇشنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىم.

تۆتىنچىدىن، ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ياردەم بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پۈتۈن پارتىيە، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى. دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئورۇن، تارماقلىرىدىن تارتىپ ھەرقايسى جايلارنىڭ بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ياردەم بېرىپ، قوللاپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش مەجبۇرىيىتى بار. شۇنى كۆرۈش لازىمكى، ياردەملىشىش ۋە قوللاش ھەرگىزمۇ بىر تەرەپلىمە بولمايدۇ، شۇنداقلا «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش»مۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزۈش. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش بولۇشى لازىم. بۇنداق قىلىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىنى، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ ئىختىساسلىق خادىم، مەبلەغ، تېخنىكا ئەۋزەللىكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە، ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ ئەلالىرى بىرلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى: جىلىن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە يەنبيەن چاۋشيەن ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى)

(قەيسەر ئەركىن.ت) تەھرىرى: خەمىت نىغمەت

# غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدا

جۇڭ ۋېن

80 ـ يىللاردا دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسى غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا زىلزىلە پەيدا قىلغانغا ئوخشاش، 90 ـ يىللاردا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى قويۇلۇشى ۋە بەرپا قىلىنىشى شۈبھىسىزكى، غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى يەنە بىر قېتىم زىلزىلىگە سالدى. دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسى تۇپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، بۇ رايونلارنىڭ دېڭىز، ئوكيانغا يېقىن بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىدىن ۋە ئاساسى كۈچلۈك ئىقتىساد ـ تېخنىكا ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىنى ئۇلارغا مايىللاشتۇرۇپ، تەرەققىيات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بۇ رايونلارنى ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان باشلامچى رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. روشەنكى، بۇ تەكشىسىز تەرەققىيات ستراتېگىيىسى بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي مەزگىل ئىچىدە نىسپىي ئارقىدا قېلىشىنى پەيدا قىلماي قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ شەرقىي قىسىم دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار بىلەن بولغان پەرقىنى چوڭايتىۋېتىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تەكشىسىز تەرەققىيات ستراتېگىيىسى پەيدا قىلغان قايمۇقۇش ھالىتىدىن تېخى قۇتۇلالمىغان ئەھۋالدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى يەنە تارىخىي يوسۇندا كىشىلەر كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. بۇ غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شەكسىزكى يەنە بىر جىقىن ھېسابلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قانداق تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ؟ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتەمدۇ ياكى يەنىمۇ چوڭايتىۋېتەمدۇ؟ غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانمىسا بولمايدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىدىيە جەھەتتە يېڭى بۆسۈش پەيدا قىلماي بولمايدۇ.

غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى كۆپ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، تاۋار ئىگىلىكى، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى ئەڭ گەۋدىلىك بىر نۇقتىدۇر، دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈشتە قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان يەردە، غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ ـ دە! ئۇلار ھامان بىر قەدەم كېيىن قالسا، ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئارقىدا قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بىراق تارىخ تەرەققىياتى مۇشۇنداق بولىدۇ، قەدىمى تېز بولۇۋاتقانلارنى ئاقساقلار يېتىشىۋالغۇچە توختاپ تۇرۇڭلار، دېگىلى بولمايدۇ، شۇڭا غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تارىخىي ئادالەتسىزلىكتىن ئاغرىنىپ يۈرگەندىن كۆرە، ئېقىمغا ماسلىشىپ، تېز ئىلگىرىلەپ، باشقىلارغا قوغلاپ يېتىشىۋېلىشى تۈزۈك.

ۋەھالەنكى، قوغلاپ يېتىشىۋېلىشمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتە ئادەتتىكىدىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئادەتتىكىدىن ئېغىر دېگىنىمىز شەرقىي قىسىم دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارغا سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلغان. چۈنكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتە دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارغا قارىغاندا قىيىنچىلىق تېخىمۇ كۆپرەك، قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭراق بولىدۇ، بۇ تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

ئىدىيىۋى كۆز قاراش ـ تارىختا غەربىي قىسمىدىكى ئاز

سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۇزاق ۋاقىت تۇرغۇن ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان، ناتۇرال ئىگىلىك يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن . مۇنداق ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي شارائىتتا، كىشىلەردە كونىلىقنى ساقلاش كۆپ، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئاز بولىدۇ؛ شۈكرى ـ قانائەت قىلىش كۆپ، رىقابەتلىشىش ئېڭى ئاز بولىدۇ؛ ئىنساب ـ دىيانەتنى سۆزلەش كۆپ، پايدا ـ مەنپەئەت كۆزلەش ئاز بولىدۇ؛ ئىچكى ئىنتىلىش كۆپ، سىرتقا يۈزلىنىش ئاز بولىدۇ؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، سودىگەرچىلىككە سەل قاراش ئىدىيىسى بولىدۇ، ۋەھاكازالار. مۇنداق ئىدىيىۋى ئاڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا شەرقىي قىسىم دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردىكىگە قارىغاندا خېلىلا ئېغىر، يەنە كېلىپ مۇنداق ئاڭنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

كەسىپ قۇرۇلمىسى ـ غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىدە، يېزا ئىگىلىكى مۇتلەق زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ؛ ئېغىر سانائەت بىلەن يېنىك سانائەتتە، ئېغىر سانائەت مۇتلەق زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ؛ خام ئەشيا ـ ماتېرىيال سانائىتى بىلەن يېنىك سانائەت پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە خام ئەشيا ـ ماتېرىيال سانائىتى مۇتلەق زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ؛ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەر ئىچىدە 1 ـ، 2 ـ كەسىپلەر مۇتلەق زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى ـ غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرى مۇتلەق زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، يېزا ـ بازار سانائىتىنى ۋەكىل قىلغان كوللېكتىپ كارخانىلار ھەم يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ سالمىقى كىچىك.

بازارنىڭ ھەرىكەتلىنىش شارائىتى ـ غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قاتناش، پۇل ـ مۇئامىلىسى، خەۋەرلىشىش قاتارلىق مۇلازىمەت شارائىتى ئىنتايىن ناچار.

يۇقىرىقىلاردىن غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا نەقەدەر كۆپ قىيىنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىدىيە، كۆز قاراش ماس كەلمەيدۇ، بۇ بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدىغان سۇبيېكتىپ ئامىل بولىدۇ. مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ بىر خىللا بولۇشى يەنى ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار سالمىقىنىڭ بەك زور بولۇشى ۋە جىددىي پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا بۇ كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى بەك ئۆلۈك. ھاياتىي كۈچى كەمچىل بولغان، بۇمۇ بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشنى مۇقەررەر قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

كەسىپ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، بىرىنچىدىن، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مەھسۇلاتنى تېزدىن تاۋارغا ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بازار سىگناللىرىغا ئىنكاس قايتۇرۇش تېز بولمايدۇ.

بازار مۇلازىمىتى شارائىتى ناچار، بۇ تەبىئىي ھالدا تاۋار ئوبوروتى، قىممىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا، گەرچە پايدىسىز ئامىللار كۆپ بولسىمۇ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت تەرەپ يەنىلا ئەڭ چوڭ توسالغۇ ھېسابلىنىدۇ، بۇ تۆت تەرەپ ئىچىدە كەسىپ تۈزۈلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئۆزگەرتىش ئىنتايىن مۇھىم. مەزكۇر ماقالىدە مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە نۇقتىلىق توختىلىپ ئۆتىمەن.

بايلىق مەنبەلىرىنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدا مۇقەررەر ھالدا ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش يەنى ئاتالمىش بىرلەمچى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىشنى بەلگىلىگەن. روشەنكى، بۇ مەھسۇلاتلارغا سىڭگەن ئومۇمىي تېخنىكا مىقدارى يۇقىرى ئەمەس، ئۇلارنىڭ قوشۇمچە قىممىتى تۆۋەن. غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بۇ مەھسۇلاتلىرىنى شەرققە چىقىرىدۇ، بۇ مەھسۇلاتلار ئىلگىرى دۆلەت پىلانى ئارقىلىق تەڭشەپ تۇرۇلىدىغان مەھسۇلاتلار ئىدى. ۋەھالەنكى شەرقىي قىسىمدىكى رايونلاردىن كىرگۈزۈلىدىغىنى بازار ئارقىلىق تەڭشەپ تۇرۇلىدىغان، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى

مەھسۇلاتلاردۇر. دېمەك مۇشۇنداق يۇقىرى - تۆۋەن بولۇش، بىرى پىلان ئارقىلىق، بىرى بازار ئارقىلىق تەڭشىلىش ۋەجىدىن ناھايىتى روشەنكى شەرق بىلەن غەربتىن ئىبارەت ئىككى بازارنىڭ ئالماشتۇرۇشى جەريانىدا غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى زىيان تارتىدۇ. بۇ يەردە سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئارىسىدىكى قايچىسىمان پەرقنىڭ تەسىرىمۇ، بىرلەمچى مەھسۇلات بىلەن ئىككىلەمچى مەھسۇلات ئارىسىدىكى باھا پەرقىنىڭ تەسىرىمۇ بار. بۇ ئىككى تەسىر غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا پايدىسىز، بولۇپمۇ نامۇۋاپىق باھا مېخانىزمى مەۋجۇت شارائىتتا بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا تېخىمۇ پايدىسىز، شۇڭا، غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەبلىغىنىڭ جۇغلىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولماقتا، ئۇلار دۆلەتنىڭ كۆپلەپ قوشۇمچە ياردەم بېرىشىگە تايىنىشقا مەجبۇر بولماقتا. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ھازىرغىچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، مۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتكىلى بولمىسا، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى پەرق 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە چوڭىيىپ كەتكەن ئاساستا يەنىمۇ كېڭىيىپ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى مۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىشتە باھانى ئىسلاھ قىلىش تەبىئىكى زۆرۈر بىر قەدەم ھېسابلىنىدۇ، بازارنىڭ قويۇۋېتىلىشىگە، ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا تەمىنلەشنىڭ قىس بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ باھاسى ئۆسىدۇ-دە، ئوبيېكتىپ جەھەتتە غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولىدۇ. لېكىن قانداقلا بولسۇن، قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ رول ئوينىشى ئارقىسىدا، ئىپتىدائىي مەھسۇلاتلار (بىرلەمچى مەھسۇلات) نىڭ ئومۇمىي باھا سەۋىيىسى بەزىبىر پىششىقلاپ ئىشلەش قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ چىقىش يولى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە.

غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇنلىشىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئۈستىدە ئويلانغاندا، تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئالدىنقى شەرتنى ئېنىق تونۇۋېلىشى لازىم: بىرىنچى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ماسلاشتۇرۇش، ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇش لازىم. ئىككىنچى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇشى، ئۇلارنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم. ئۈچىنچى، تەڭشەلگەندىن كېيىنكى كەسىپ قۇرۇلمىسى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالايدىغان بولۇشى لازىم. تۆتىنچى، تەڭشەلگەندىن كېيىنكى كەسىپ قۇرۇلمىسى غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى يۇقىرى پەن - تېخنىكا يۆنىلىشىگە يۈزلەندۈرۈشكە، بىر پۈتۈن پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى لازىم. بەشىنچى، غەربكە يۈزلەنگەن تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم. ئالتىنچى، 3 - كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم. يۇقىرىدىكى بىر نەچچە ئالدىنقى شەرت غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھەممىدىن ئاۋۋال ئويلىشىشقا تېگىشلىك شەرتلەردۇر.

1. غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكى - پۈتۈن مەملىكەت ئىگىلىكىنىڭ بىر قىسمى، شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم دەپ ئايرىلغان ئەھۋالدا، غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئۆزىنىڭلا ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان بىلەن بولمايدۇ، يەنە ئۆز رايونىنىڭ شەرقىي قىسىم ۋە پۈتۈن مەملىكەت ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشنىمۇ ئويلىشىپ كۆرۈش لازىم. ھازىر شەرقىي قىسىمدىكى رايونلاردا ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا بەك قىس بولماقتا، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بازار ۋە توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بۇ جەھەتتە تارىخىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە

ئېلىش كېرەك. بۇ ــ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ئېھتىياجى، شۇنىڭدەك غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭمۇ ئېھتىياجى. چۈنكى غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى شەرقىي قىسىم بىلەن مال ئالماشتۇرۇشتا ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ۋە ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئۆستۈرۈشتە ئاساسەن مۇشۇ مەھسۇلاتلارغا تايىنىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق چاغدا ھازىرقى بازاردىكى ئالماشتۇرۇشتا پايدىسىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، قىسمەنلىكتىن ئېيتقاندا ئاز ـ تولا زىيان تارتىش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋالدىمۇ، ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشنى قىلچە تەۋرەنمەي ئاساسىي كەسىپ قىلىۋېرىشى لازىم.

2. لېكىن مۇنداق دېگەنلىك غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەقەت ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيالا ئىشلەپچىقىرىدىغان يولغا مېڭىشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. بىر قانچە ئون يىل مابەينىدە، غەربىي قىسمىنىڭ سانائەتلىشىش مۇساپىسىدە ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساس قىلىنىپ كەلدى، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىمۇ كۆپىنچە مۇشۇ كەسىپىي تارماقلارغا مەركەزلەشتى، يېنىك سانائەت ئارقىلىق ئېغىر سانائەتنى بېقىش يولىغا مېڭىلمىدى. مۇشۇ ئاساس كەسىپلەرنىڭ مەبلەغقە بولغان ئېھتىياجى زور، قۇرۇلۇش مۇددىتى ئۇزۇن. قوشۇلما قىممىتى ئاز، پايدا ـ نەپ بېرىشى ئاستا بولغانلىقتىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەكشىسىز بولۇش، بىر پۈتۈن سەۋىيە يۇقىرى بولماسلىق ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. بۇنى شەرقىي رايونلار بىلەن بولغان پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىكى مۇھىم ئامىل دېمەي بولمايدۇ. ئەگەر شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى غايەت زور پەرق پەيدا قىلغان، ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. شەرقىي رايونلاردا، تارىختا شەكىللەنگەن يېنىك سانائەت، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ قۇدرەتلىك ئاساسىنى دېمىسەكمۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان قەد كۆتۈرگەن پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى ئاساس قىلغان يېزا ـ بازار كارخانىلىرى شەرقىي رايونلارغا نەقەدەر غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئاتا قىلدى-

ھە! روشەنكى، يېنىك سانائەت، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى، مەبلەغ يىغىلىشى تېز بولىدۇ، ئەمما ئاساس كەسىپلەردە مۇنداق ئەۋزەللىك بولمايدۇ. شۇڭا غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تىرىشىپ تەڭشەپ، ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا قاتارلىق ئاساس كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، يېنىك سانائەت، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىمۇ تېز راۋاجلاندۇرۇشى، ئومۇمىي ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ نىسبىتىنى مۇۋاپىق ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق ھەم پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئۆز رايونى ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاق مۇددەت، مۇقىم، ماس راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرەلەيدىغان بولۇش، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى تېزلىتىش، شەرق بىلەن بولغان پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم. مۇشۇنداق كەسىپ قۇرۇلمىسى ئەندىزىسى ھەم ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا مول بولۇشتەك بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرىدۇ، ھەم پۈتۈن مەملىكەت ۋە رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، بولۇپمۇ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىشنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك نىشانى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. غەربىي قىسمىدىكى رايونلار ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار، يەنە كېلىپ كۆپىنچىسى نامرات رايون، تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان نوپۇس 120 مىليوندىن كۆپرەك بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ سەل كەم تۆتتىن بىر قىسمىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان نوپۇسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. دۆلەتنىڭ 8 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئەگەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇندالمىسا، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش

نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق، دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش مۇشۇ نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا پايدىلىق بولۇشى لازىم.

3. غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. بۇ بايلىق ئەۋزەللىكىنى مەھسۇلات ئەۋزەللىكىگىلا ئايلاندۇرۇش لازىم، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بايلىق ئەۋزەللىكىنى تاۋار ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش، مەھسۇلاتلارنى بازارغا كىرگۈزۈش لازىم، دېگەنلىكتۇر. غەربىي قىسىم رايونلار شەرقىي، ئوتتۇرا قىسىم بازىرى، ئۆز رايون ئىچىدىكى بازار، مەملىكەت سىرتىدىكى بازار، بولۇپمۇ غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بازىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بازارغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى مۇشۇ ئۈچ بازارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق تەڭشەش لازىم. مەملىكەت ئىچىدىكى شەرقىي، ئوتتۇرا قىسىم بازىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، غەربىي قىسىم يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەھسۇلاتلار ئاساسەن ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا ۋە باشقا ئېپتىدائىي مەھسۇلاتلار بولىدۇ، بۇ مەملىكەت بويىچە رايونلار ئىش تەقسىماتىغا ئۇيغۇن؛ غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئىچكى بازىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيادىن باشقا، مۇھىمى ئۆز جايىغا ئېھتىياجلىق كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن يەنى يېنىك سانائەت، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، بۇ ھال غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي قىسىمنىڭ كەسىپلىرى ئوخشاش بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ؟ تەكرار قۇرۇلۇش قىلىشقا ئېلىپ بارامدۇ؟ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، غەربىي قىسىمنىڭ يېنىك سانائەتنى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇشى زۆرۈر، غەربىي قىسىمدا زېمىنى كەڭ، يول يىراق، يېنىك سانائەت، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە پۈتۈنلەي شەرقىي قىسىم بازارلىرىنىڭ تەمىنلىشىگە تايىنىۋالسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان بىر قىسىم بۇيۇملارنى شەرقىي قىسىم بازارلار يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ شەرقىي قىسىم رايونلاردا يېنىك سانائەت، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېڭىلىنىپ بېرىشىغا، يۇقىرى پەن - تېخنىكىغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ بەزى ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ئارقىلىق غەربىي قىسىمغا يۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي قىسىم ئارىسىدا بازار تالىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. غەربىي قىسىم مەملىكەت سىرتىدىكى بازارلارنى ئاساسەن يېنىك سانائەت، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بىلەن، شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدۇ. غەربىي قىسىم ئەتراپىدىكى رايونلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كۆپىنچىسى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، ئۇلار كۆپلەپ يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرىغا جىددىي مۇھتاج بولماقتا. غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ ئۇلارنى مۇشۇ مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەشكە قۇربى يېتىدۇ ھەم شەرت- شارائىتى بار، مۇشۇ دۆلەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان بەزى تېخنىكا تەلىپى ئانچە يۇقىرى بولمىغان ئېغىر سانائەت ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى تامامەن يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ.

4. غەربىي قىسىمنى سانائەتلەشتۈرۈش جەريانىدا، ئېغىر سانائەتلەشتۈرۈش بىلەن خاراكتېرلەنگەن كەسىپ قۇرۇلمىسى غەربىي قىسىمنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر نەچچە ئون يىل قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، غەربىي قىسىممۇ بەزى يۇقىرى، نازۇك سانائەتنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى ياراتتى . شۇڭا، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش يېتەكلەشچانلىققا ئىگە، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن تەرەققىيات ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى بەرپا قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. غەربىي قىسىم شەرقىي قىسىم بىلەن بولغان پەرقنى ئازايتماقچى بولسا، مۇشۇنداق يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش نۇقتىلىرىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تاشپاقىدەك ئۆمىلەپ مېڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئادەتتىكىدىن تېز تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەرقىي قىسىمنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتىشىۋالغىلى

بولىدۇ. كۆپ يىللار مابەينىدە، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى خاتالىق ۋە تۈزۈلمە جەھەتتىكى سەۋەبلەر ۋەجىدىن، غەربىي قىسىمدىكى ئەينى چاغنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەزى كارخانىلار «يالغۇز ئارال»، «ئۆتۈشمە يەر» شەكلىدىكى كارخانا بولۇپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە تۈرتكە بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىدى. شۇڭا غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش مۇشۇنداق «يالغۇز ئارال»، «ئۆتۈشمە يەر» شەكلىدىكى قۇرۇلمىنىڭ ئىللەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى ئېتىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەنئەنىۋى كەسپلەرنى ھەم يۇقىرى پەن - تېخنىكا كەسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەسىپ قۇرۇلمىسى بەرپا قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم.

5. 80 - يىللاردىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، غەربىي قىسىم رايونلاردا «شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش» ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى شەكىللەندى. بۇ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى مۇناسىپ كەسىپ قۇرۇلمىسى بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، غەربىي قىسىم رايونلار ئەتراپىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر كۆپلەپ يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە ئوتتۇرا، كىچىك ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتلىرىغا مۇھتاج، شۇڭا، غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى مۇشۇ مەھسۇلاتلارنى ئاساس قىلغان ئېكسپورت بازىلىرىنى پەيدىنپەي قۇرۇپ چىقىشى لازىم. بۇ غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ يېنىك سانائەت، يېشىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشتەك تەرەققىيات نىشانى بىلەن تامامەن بىردەكتۇر. شۇڭا تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى يېنىك سانائەت، يېشىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تەرەققىيات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى خېلى زور كۆلەمگە ئىگە قىلىپ، كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجنى قاندۇرۇشى لازىم.

6. قاتناش، خەۋەرلىشىش، پۇل مۇئامىلىسى قاتارلىق 3 - كەسىپلەرنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان مۇھىم ئامىللاردۇر. قاتناشنى ئېلىپ ئېيتساق، سۇ يولى، تۆمۈر يولى، ھاۋا يولى، تاشيولىمۇ كەمچىل. غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب تۆمۈر يوللىرىدا بىر نەچچە قول لىنىيە بار بولسىمۇ، تېخى تور بولۇپ شەكىللەنمىدى، بۇ لىنىيەلەرنىڭ ترانسپورت ئىقتىدارى تويۇنۇپ قالدى. ئاۋىئاتسىيە ساھەسىدە شىنجاڭدىن باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار تېخى ناھايىتى ئارقىدا. ئاپتوموبىل ئۇلارنىڭ ئاساسىي ترانسپورت ۋاستىسى، ئەمما يوللىرى ياخشى ئەمەس، ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى ئەمەس. روشەنكى شارائىتى مۇشۇنداق بولغان ئەھۋالدا، بازار رىقابىتىدە پايدىلىق ئورۇندا تۇرۇش قىيىن بولىدۇ. پۇل مۇئامىلىسى، خەۋەرلىشىش قاتارلىق مۇلازىمەت ساھەلىرىنىڭ قالاقلىقى ھەققىدە توختىلىپ يۈرۈشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى مەركەزنىڭ مالىيە جەھەتتىن قوللىشى ئارقىسىدا، بۇ مەسىلىلەرنى زور كۈچ بىلەن ھەل قىلىشى لازىم. دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايانغاندىن سىرت، شەرقىي قىسىم رايونلار ۋە چەت ئەللەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىشى كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان پرىنسىپلارغا ئاساسەن، غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكى بەزى قاتلاملارنى يەنى يېتەكچى كەسىپ - ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىقلار؛ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان يېنىك سانائەت، يېشىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملار سانائىتى؛ تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر بولغان 3 - كەسىپ؛ قىسمەن يۇقىرى، نازۇك مەھسۇلاتلار سانائىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم.

مۇنداق كۆپ قاتلاملىق كەسىپ قۇرۇلمىسى قىممەت قانۇنىنىڭ رول ئوينىشى ئاستىدا بايلىق مەنبەلىرىنىڭ تەقسىملىنىشىنى ياخشىلاش ۋە ئەڭ ياخشى قۇرۇلما ئۈنۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، رايونلار ئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولىدۇ. قىسقىسى، ھەم غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ھەم غايەت زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭمۇ نىشانى.

(گۈمەرماملۇت. ت) تەھرىرى: خەمىت نىغمەت

# بازار ئىگىلىكى ۋە ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا

ۋېي دېيىڭ

ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىدە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئېھتىياجىغا قانداق ماسلىشىش بۇ ھالقىلىق بىر مەسىلە، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە شەكىللەنگەن ئادەم ئىشلىتىش كۆز قارىشىنى چۆرۈپ تاشلاپ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى دادىللىق بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش لازىم.

ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلالايدىغان كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، بازاردىن ئىبارەت بۇ خىل ئىگىلىك ۋاستىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەم بازارنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق رولىنى گەۋدىلەندۈرۈش، قىممەت قانۇنىنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇش، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش، رىقابەت مېخانىزمى بويىچە ئەلالىرى غەلىبە قىلىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ كېتىش، ئۈنۈمنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكىلىك قىلىش لازىم، ھەم ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مۇلۇكچىلىك شەكلىدە، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلغان تەقسىمات تۈزۈمىدە، ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەرەققىيات نىشانى قىلىشتىن ئىبارەت جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىگىلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بىر مەيدان يېڭى ئىنقىلاب. بۇ بىزنىڭ ھەر بىر كادىرىمىزدا چوقۇم سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمغا بولغان تەۋرەنمەس ئېتىقاد بولۇشنى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا دائىر نەزەرىيەلەرنى ھەقىقىي ھىمايە قىلىشنى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشنى، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا چىڭ ئىرادە باغلىشنى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار ئەمەلىيىتىگە پائال قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىلىم ۋە ئىقتىدار جەھەتتە، كادىرلىرىمىزدا بازار ئىگىلىكىنى ئىدارە قىلالايدىغان ھەقىقىي ماھارەت بولۇشى لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئادىل رىقابەتلىشىش، ئەلالىرى غەلىبە قىلىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ قېلىشتۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بازار ئىگىلىكى ــ قابىلىيەتلىكلەر ئىگىلىكى. شۇڭلاشقا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كادىرلارنىڭ قابىلىيىتىگە، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ بازار قانۇنىيىتىنى ئىگىلىيەلەمدۇ ـ يوق، بازارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن توغرا تەدبىر يۈرگۈزەلەمدۇ ـ يوق، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈنۈملۈك تەشكىللىيەلەمدۇ ۋە تىجارەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرالامدۇ ـ يوق، كەسكىن بازار رىقابىتىدە ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەلەمدۇ ـ يوق، دېگەن جەھەتلەرگە قاراش كېرەك. ئەلۋەتتە ھەر خىل تىپ، ھەر خىل قاتلامدىكى كادىرلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ خىزمەت خاراكتېرى ۋە ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن، ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەم بولۇشى كېرەك، ئەمما ئومۇمىي تەلەپ شۇكى ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئۆگىنىش، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى بىلىشى لازىم.

ئۆز خىزمەت ئورنىدا، كادىرلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى، تۆھپىسى بولۇشى لازىم. بازار ئىگىلىكىنىڭ كادىرلارغا باھا بېرىشتىكى ئۆلچىمى ـ ئۈنۈمگە يۈزلىنىش، ئەمەلىي نەتىجىگە قاراپ ئادەم ئىشلىتىش. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئاستىدا شەكىللىنىپ قالغان بىر قېلىپتا ئىشلىسە، قالايمىقانچىلىق چىقارمىسا، خاتالىق ئۆتكۈزمىسىلا ياخشى كادىر دېيىدىغان قاراشنى؛ «تۆھپىسى بولمىسا تارتقان جاپاسى بار»، «سەۋەنلىكتىن باشقىسى تۆھپە» دەيدىغان باھالاش ئۆلچىمىنى؛ «ستاژىغا قاراپ ھەق ئالىدىغان»، «ستاژىغا قاراپ ئۆستۈرۈلىدىغان» ئۆستۈرۈش مېخانىزمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ئۆلچىمى بىلەن ئىسلا چىقىشالمايدۇ، بۇلارنى چوقۇم ئۈزۈل ـ كېسىل چۆرۈپ تاشلاش كېرەك.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش، بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان يېڭى بىر ئىش. ئۇنىڭدا ئىبرەت ئالغۇدەك تەييار تەجرىبىلەرمۇ يوق، ئەمەل قىلغۇدەك مۇقىم ئەندىزىمۇ يوق. شۇڭلاشقا،ئۇ بىزدىن بىر تۈركۈم ئېچىش ئېڭىغا ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە جاسارەتلىك ھەم بىلىملىك كادىرلارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ كادىرلارنى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە شەكىللىنىپ قالغان كونا كۆز قاراشلار بىلەن ئۆلچەمسىلىكمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بىر كادىرنى ئۆلچەشتە، ئۇنىڭدا ئېچىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى بارمۇ يوق، بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ دولقۇندا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىغا قارىشىمىز كېرەك.

تارىخىي، جۇغراپىيىۋى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار تۈپەيلىدىن نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمىزنىڭ ساپاسى تېخى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنرەك، بۇندىن ئىلگىرى ھەر دەرىجىلىك ھەر قايسى تارماقلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما ئىلگىرى يېتىشتۈرۈلگەن كادىرلار ئاساسلىقى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا كۆپ، مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇشنى بىلىدىغان كادىرلار ئاز، بۇندىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش لازىم.

ئالدى بىلەن باشقۇرۇش بىلىملىرى ۋە ئىختىساد نەزەرىيىلىرى جەھەتتىكى يېتىشتۈرۈش تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل يول، ھەر خىل شەكىل، كەڭ كۆلەملىك ۋە ئەتراپلىق ھالدا خىزمەت ئورنى كەسپىي بىلىملىرى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ۋە كەسپ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، تاۋار ئىگىلىكى قارىشى، ئېچىۋېتىش ئېڭى، رىقابەت ئېڭى ۋە مۇستەقىل خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى پىلانلىق ھالدا ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان رايونلارغا ۋە رەھبىرىي ئورگانلارغا ۋەزىپىگە قويۇپ، چېنىقىشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم.

ئىككىنچىدىن، تولۇق ئىشىنىش، دادىل ئىشقا قويۇش، كادىرلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ، مۇۋاپىق خىزمەت ئورنىدا ئۇلارغا مۇھىم ۋەزىپە يۈكلەپ، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشقا سېلىش كېرەك. بۇندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئىشلىتىشتە ئىككى خىل خاھىشتىن ساقلىنىش ھەم ئۇنى يېڭىش كېرەك، بىرىنچىسى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئويلاشماي، مۇۋاپىق بولمىغان ھالدا خەنزۇ كادىرلار بىلەن مۇتلەق باراۋەر ئورۇنغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزۈش؛ ئىككىنچىسى، ھۆددىدىن چىقىش ئۈچۈنلا ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش، ئۇلارنى ئالدىنقى سەپكە قويۇپ ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالماسلىق. بۇنداق ئۆستۈرۈش ئەمەلىيەتتە بىر خىل شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىپ، ھېچقانداق رولى بولمايدۇ، ھەتتا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. قىسقىسى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئىشلىتىشتە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ئېتىكشىلىك ئېتىبار بېرىش كېرەك. ھەم قاتتىق تەلەپ قويۇپ يېتەرسىزلىكلىرىنى ياپماي، مادارا قىلىش يولىنى تۇتماي، ئۇلارنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، مىللىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئاساس يارىتىش لازىم. نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاساسلىقى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومىلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ھەربىي سەپتىن ئالماشقانلار ۋە جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى يەنىلا مەكتەپلەردە تەربىيىلىنىپ كەلگەنلەر. شۇڭلاشقا، مىللىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشتە، يەنە رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش لازىم، بۇ جەھەتتە يەنە نۇرغۇنلىغان تونۇش مەسىلىسى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر بىزنىڭ تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

(قەيسەر. ئ) تەھرىرى: ئەكبەر گىلى



# 1993 - يىل: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تېز راۋاجلانغان بىر يىل

ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى: يى شى

تېز ئاشتى: ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولدى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغىمۇ ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، 1993 - يىل ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تېز راۋاجلانغان بىر يىل بولدى، بۇنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ 1993 - يىللىق ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق يەكۈن دېيىشكە بولىدۇ.

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىقتىساد مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ فۇلىن مۇنداق دەيدۇ: 1993- يىلى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سەۋىيىسىدىن يەنىلا سەل تۆۋەن سۈرئەت بىلەن راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېشىش دەرىجىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولدى. ئالدىنقى يېرىم يىللىق مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، سەككىز مىللىي ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ 1993- يىلى بىر قاتار ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنىڭ تاشقى سەۋەبى بولغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنۇمىنىڭ ياخشىلانغانلىقى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەل قىلغۇچ ئىچكى سەۋەبتۇر. 1993 - يىلى سەككىز مىللىي ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى، سەككىز مىللىي ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى شۇ مەزگىلدىكى ئېشىش سەۋىيىسىدىن 1.7 پىرسەنت تۆۋەن بولسىمۇ، ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىدىن 12.4 پىرسەنت ئاشتى.

ئەگەر ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتە دۆلەتنىڭ مۇقىم مۇلۈككە سالىدىغان مەبلىغىنىڭ كۆپىيىشىگىلا تايىنىۋېلىنغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ مىللىي ئىقتىسادنىڭ 1993 - يىلى قولغا كەلتۈرگەن ماھىيەتلىك ئىلگىرىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ۋاڭ فۇلىننىڭ قارىشىچە: ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىچكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ياخشىلىنىشىلا ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى

95.5 پىرسەنتكە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 1.2 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى، ئۈنۈمۈپرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچىدىن قارىغاندا، كۆاگشى، يۈننەنلەردە ئېشىش نىسبىتى ئەڭ تېز بولۇپ، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە گۇاڭشىنىڭ ئۈنۈمۈپرسال ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى 105.8 كە يەتتى، ئوخشاش ساھەلەر بويىچە سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 20 پىرسەنت يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يۈننەننىڭكى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ 170.73 كە يەتتى.

كارخانىلارنىڭ ئىچكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ياخشىلانغانلىقى 1993 ـ يىلى سەككىز مىللىي ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقىنىڭ مۇھىم ئالامىتىدۇر. ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى، كارخانىلارنىڭ ئىچكى كۈچى پەيدىنپەي زورايدى، بازار رىقابىتىگە قاتنىشىش ئىقتىدارى پەيدىنپەي ئاشتى، بۇ ھال بەزى جايلاردا ئالالقاچان روشەن ئىپادىلەندى. ئىچكى موگغۇلدىكى ئىسلاھات سىنىقى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋۇخەي رايونى بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت تىپى بولالايدۇ. بۇ رايون ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىشتا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى راۋان يولغا ماڭدى.

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1993 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋاپىق بولدى، مەملىكەت بويىچە مەبلەغ سېلىش ھەددىدىن زىيادە جىددىي بولۇپ كەتكەن، ئۆي ـ مۈلۈك قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سەككىز مىللىي ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى داۋاملىق ئاساسىي ساناتەتكە بورالدى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش نىسبىتى ئاشتى، تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدىكى نىسبىتى ئاران 5.8 پىرسەنتنى ئىگىلىدى، دېمەك مەملىكەت بويىچە تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ نىسبىتىدىنمۇ 7.7 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەن بولدى.

1993 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭكىيىزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا مۇقىم ئېشىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى، سەككىز مىللىي ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى يېقىنقى يىللاردا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى نىسبەت بىلەن داۋاملىق يۈكسەلدى، بۇنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك دېيىشكە بولىدۇ.

**ئىقتىساد تېز سۈرئەت بىلەن يۈكسەلدى، ئەمما......**

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىدە قىيىنچىلىق بولۇش ھەم جۇغلانمىنىڭ جۇغلىنىشى ئاستا بولۇش ئاساسىدا، 1993 ـ يىلى يەنىلا يەردىن تېخى تامامەن ئايرىلمىغان بىر مەيدان ئۇچۇشنى باشتىن كەچۈردى، نەق ئۆزىدىنلا قارىغاندا كۈچلۈك كۆرۈنىدىغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىگىلىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ تەكشۈرۈلگەن ھامان، ساقلانغۇسىز ھالدا ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئېلىنغان بىر قاتار سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى ئارىسىدىكى پەرق ھېلىمۇ چوڭىيىۋېتىپتۇ. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سەككىز مىللىي ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ساناتەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئېشىش سەۋىيىسىنىڭ 55.8 پىرسەنتىگىلا باراۋەر كەلگەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرق بىرىنچى پەسىلدىكى 10.8 پىرسەنتتىن زورىيىپ 11.1 پىرسەنتكە يەتكەن. يېنىك ساناتەتنىڭ ئېشىش نىسبىتى تېخىمۇ ئاستا بولغان، بولۇپمۇ ئالدىنقى يېرىم يىلدا بازار ئىتتىك بولغان ئەھۋالدا، بەزى مىللىي ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا يېنىك ساناتەت مەھسۇلات قىممىتى ئازىيىپ كەتكەن.

بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى مۇنداق: (1) مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش قىس بولدى. مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى ۋەزىيىتىنىڭ ئېغىر بولۇشى، مەبلەغ يېتىشمەسلىك گەۋدىلىك زىددىيەت بولۇپ قالدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانچە تېز بولغانسېرى، مەبلەغ شۇنچە قىس بولۇپ كېلىدۇ، بۇ ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش مۇساپىسىدە ئاچقۇچلۇق پەيتكە كەلگەندە، قىرىشقاندەك مەبلەغ بازار قانۇنىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىقتىسادىي ئىسسىق نۇقتىلارغا مەركەزلىشىشكە باشلىدى. دېڭىز ياقىسىدىكى



بوبەتتىكى خوسنخەتلەرنى ئابدوراخمان ئابتەمى يازغان



سۇ ۋە مېھىر - مۇھەببەت

پېڭ دەيجېن سىزغان



قايتىش



قىزىل كۆينەك

ۋاڭ يىگۇاڭ سىزغان



چۆل ئەسلى

## توقۇزىنچى ئۆۋەتلىك «يېڭى يول رەسىم كۆرگەزمىسى»دىن تاللانمىلار



خۋاڭخې قىزلىرى

سەي پىنچۇن سىزغان



لۇ جۇدىڭ سىزغان





توقۇزىنچى
نۆۋەتلىك
«يېڭى يول
رەسىم
كۆرگەزمى
سى»دىن
تاللانمىلار



گۈزەل يوللار (كىرىشتۇرۇلگەن رەسىم)



گۈزەل يوللار (كىرىشتۇرۇلگەن رەسىم) جاڭ يەنخەي، ۋاڭ خاۋنەن قاتارلىقلار سىزغان

ۋە ئىچكى جايلاردىكى ئىقتىسادىي ئىسسىق نۇقتىلار قۇدرەتلىك ئۇستۇنلۇككە ئايىنىپ، چەت، يىراق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئېغىر نىسپىي تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇۋاتقان جايلاردىكى مەبلەغلەرنى جەلپ قىلدى. 1993 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئىلگىرىدىكىدىنمۇ ئېغىر بولدى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى چەكلەپ قويدى، تەرەققىياتنىڭ ئاستا بولۇشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەبلەغنىڭ جۇغلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزدى. (2) «بوتۇلكا بويۇنى»نىڭ رولى كۈچەيدى. قاتناش ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى جەھەتتىكى جىددىيلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان گەۋدىلىك ئامىل بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش ـ ترانسپورتنى «بوتۇلكا بويۇنى» ئىچىدىكى «بوتۇلكا بويۇنى» دېيىشكە بولىدۇ. ئىچكى موڭغۇل ترانسپورت كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى 3ـ5 پىرسەنتلىك رەقەم بويىچە ئاستىلاتتى؛ نىڭشيادا ئالدىنقى يىرىم يىلدا سانائەت 15 پىرسەنت ئاشقان بولسىمۇ، تۆمۈر يولدا توشۇش مىقدارى 3.3 پىرسەنت ئازىيىپ كەتتى. دېڭىز ياقىسىدىكى غول لىنىيىلەر جىددىي بولغانلىقتىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تۆمۈر يول لىنىيىسىنىڭ ئاخىرقى بېشى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ تۆمۈر يولدىن ئىبارەت بۇ جان تومۇرنى ئېخىمۇ قىسىشقا مەجبۇر بولدى. بازار ئىگىلىكىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەبلەغ دېڭىز ياقىسىدىكى جايلارغا جەلپ قىلىنىپ كەتكەنگە ئوخشاش، پويىز ۋاگونلىرىمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن دېڭىز ياقىسىدىكى جايلارغا يۆتكەپ كېتىلدى. (3) كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ چەكلىمىسى ھېلىمۇ ئىنتايىن گەۋدىلىك بولماقتا. سەككىز مىللىي ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالدىدا تۇرغان ئەڭ جىددىي مەسىلە يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولۇشتىن ئىبارەت. دېڭىز ياقىسىدىكى جايلاردا يېنىك سانائەت تەرەققىياتى تېز بولغانلىقتىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېنىك سانائىتى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. مەھسۇلاتلىرى بازاردا پۇت تىرەپ تۇرالمىدى، كۆپلەپ بېسىلىپ قالدى، نۇرغۇن كارخانىلار قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ كارخانىلار ھازىر مەھسۇلاتلىرىنى ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن يېڭىلاش ئۈچۈن تېزدىن تېخنىكا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت جىددىي مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە.

**مۇھىم نۇقتا: نامراتلىق، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى......**

ئىقتىساد مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ فۇلىن نامراتلىق مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، ۋەزىيەت «ھېلىمۇ ئىنتايىن ئېغىر» دەپ ھۆكۈم قىلدى. 1993 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولمىغان بولسىمۇ، ئاستا ئەمما ئېگىلمەي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ يىل 9 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن مەملىكەتلىك نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى ھەمدە «يەتتە يىلدا 80 مىليون ئاھالىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ستراتېگىيىسى»نى بەلگىلىدى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىقتىساد مەھكىمىسىنىڭ غۇلغۇلا قىلىنىۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغان نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشقا دائىر يېڭى تەسەۋۋۇرىنىڭ تىزىسىمۇ تەييارلىنىپ بولدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە يېڭى پۇرسەت تۇغۇلدى. نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشنىڭ تەسەۋۋۇرى ئەمدى قۇرۇق نەرسە ئەمەس، بەلكى ھازىر ئۇ ئەمەلىي يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. نامرات تۈرنى ئايرىش مەسىلىسىنى ئالدىغان بولساق، بۇرۇنقىدەك بېشى ئاغرىسا، پۇتىنى داۋالايدىغان ئىش بولمايدۇ. بەلكى مۇشۇ تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن، ئەڭ قاراتمىلىقى ئىگە ۋە ئەڭ ئەمەلىي بولغان نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش تەدبىرلىرى بەلگىلەپ چىقىلىدۇ. ئەمدى نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ستراتېگىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلدى، مۇنداق قىلىشتا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىقتىساد مەھكىمىسىنىڭ ئىنتايىن تولۇق ئاساسى بار. ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتى كونكرېت ئادەم بېشىغا يېتىپ بارالمايدۇ، مانا بۇ ئىقتىساد مەھكىمىسىنىڭ نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى. 1993 ـ يىلى گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ جىنفىڭ ناھىيىسى نامراتلارغا ئائىلىلەرگىچە يار ـ يۆلەك بولۇشتا زور نەتىجە ياراتتى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئىقتىساد مەھكىمىسى مۇنداق دەپ قارىدى: جىنفىڭ ناھىيىسىدە ئامما ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرلىشىش ئاساسىدا تەشكىللىنىپ، مۇۋاپىق باشلامچىلارنى سايلىغان، كەسىپنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىۋالغان، ھۆكۈمەت بولسا مەبلەغ بىلەن تېخنىكىنى

ماسلاشتۇرۇپ، بىرلا ۋاقىتتا سىلىپ، تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، نامراتلارنىڭ روناق تېپىشىغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلى نامراتلارغا ئائىلىلەرگىچە يار- يۆلەك بولۇش جەمئىيەتتىكى ھازىرقى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىساد مەھكىمىسى مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى يىللاردا نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇشتا يېڭى تىپلارنى، يېڭى تەجرىبىلەرنى يارىتىشنى تەلەپ قىلدى. يۇقىرىقى يېڭى تەسەۋۋۇرلار جۇڭگودا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مۇساپىسىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئىسسىق نۇقتا بولغان يېزا - بازار كارخانىلىرى تارىخىدا 1993- يىلى شانلىق سەھىپە ئېچىلدى. گۇاڭشىدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتى بىرىنچى ئورۇندا تۇردى. ئالدىنقى يېرىم يىلدىلا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن ئىككى ھەسسە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىچكى موڭغۇل، يۈننەن ۋە شىنجاڭدىمۇ يېزا - بازار كارخانىلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئەھۋالى يەنىلا كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ھازىر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاران 3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان زېمىندىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاران 30/1 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان تۈپ شارائىت يېتەرسىز، بۇ جەزمەن جىددىي قاراشقا تېگىشلىك ئەمەلىيەت: جايلاشقان ئورنى خىلۋەت، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تارقاق، قاتنىشى قالاق، مۇشۇنداق ئەھۋالدا زادى قايسى يېزا، قايسى بازارلار كارخانا قۇرسا بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ئاقىلانە تاللاش شۇكى، ھەممىدىن ئاۋۋال تاشيول، تۆمۈر يول بويلىرىدىكى جايلار ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى، بايلىق مەنبەسى مول مەركەزلەشكەن جايلاردا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مۇشۇ ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەپ، بىر ھاياتلىق يولى ئېچىپ چىقىش لازىم.

تەھرىرى: خەمىت لېغمەت

## دۆلەت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟

دۆلەت تۈزۈمى دۆلەتنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىنى يەنى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ دۆلەتتىكى ئورنىنى- قايسى سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى، قايسى سىنىپ ۋە قاتلامنىڭ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىكەنلىكىنى، قايسى سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ۋە ئېزىلگۈچى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرقانداق بىر دۆلەت مۇئەييەن سىنىپنىڭ دىكتاتۇرىسىنى يولغا قويىدۇ. ئوخشاش بولمىغان سىنىپنىڭ دىكتاتۇرىسى ئوخشاش بولمىغان دۆلەت تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. تارىختا قۇلدارلار سىنىپى دىكتاتۇرىسى، پومېشچىكلار سىنىپى دىكتاتۇرىسى، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت تۆت خىل دۆلەت تۈزۈمى بولغان. مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى يەنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت.

## جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟

جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى «جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيەت تۈزۈمى»دۇر. ئۇ دۆلەتنىڭ ۋەكىللىك ئورگىنى ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان بىر خىل سىياسەت تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تۈزۈمنى يولغا قويغان دۆلەت جۇمھۇرىيەت دەپ ئاتىلىدۇ.

( جەملە ئېلى.ت)

## ھېكمەت دۇنياسى

كېرەكلىك ئۇزۇقلۇقنى قوبۇل قىلالايدىغان كىشى، كۆپ يەيدىغان ئادەمدىن ساغلام كېلىدۇ. ھەقىقىي ئالىم تولا چاغلاردا كۆپ كىتاب كۆرگۈچى بولماستىن، بەلكى كېرەكلىك كىتاب كۆرگۈچىدۇر.

— ئارىستىپپوس

تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن ئەھمىيىتى، تېخى مەلۇم بولمىغان نەرسىلەر ئۈستىدە تىنماي ئىزدىنىشتە، شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئېرىشىشتە.

— زولا

پاراسەتسىز باش، چىراغسىز پانۇسقا ئوخشايدۇ.

— ل تولستوي

بىر كۈن ئەمگەك قىلسالاڭ، بىر كۈن تاتلىق ئۇخلايسەن، ئۆمۈر بويى ئىشچان بولساڭ، ئۆمۈر بويى بەختلىك بولىسەن.

— دا. ۋىنچ

تەبىئەت ئىقتىدارسىز ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئىقتىدارلىق، راستچىل، ساپ كىشىلەرگە باش ئېگىدۇ، ئۆز سىرىنى بېرىدۇ.

— گودى

ھەقىقەتنىڭ چىرىغى، كۆپىنچە كۆتەرگۈچىنىڭ قولىنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ.

— بوئېست

ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى كۆرەلىگەن كىشىلا، ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرالايدۇ.

— ئۇشىنسكى

ئۆمۈرنى ئىشلىتىپ تۇرمىسا داتلىشىپ قالىدۇ سۇ ئېقىپ تۇرمىسا، قۇرتلاپ كېتىدۇ، ئادەم ئەقلىنى ئىشلىتىپ تۇرمىسا، دۆتلىشىپ قالىدۇ.

— دا. ۋىنچ

بىر ئادەم خۇددى كەسىر سانغا ئوخشىشىدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىلا سۈرەتكە ئوخشىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسى مەخرەجگە ئوخشىشىدۇ، مەخرەج قانچە چوڭ بولسا، كەسىر قىممىتى شۇنچە كىچىك بولىدۇ.

— لېۋ. تولستوي

## ھېكمەت دۇنياسى

ئەڭ بىلىملىك ۋە ئەڭ تەجرىبىلىك كىشىلەر ھامان ئىنتايىن ئېھتىياتچان كېلىدۇ.

— رۇسسو

غىلاپ پىچاق بىسىنى ئاسرىغان بىلەن، ئۆزى ئۇنىڭ گاللىقىدىن قانائەتلىنىدۇ.

— تاگور

زېرەك ئادەملەر ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما ئەخمەقلەر بولسا ئۆگىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

— چېخوۋ

ئەڭ زور دەرىجىدە تەكەببۇرلۇق قىلىشمۇ، ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزىنى كۆزگە ئىلماسلىقمۇ، روھنىڭ ئەڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

— سپىنوزا

ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلمەسلىك، قوش ھەسسىلىك نادانلىقتۇر.

— پىلاتون

ھاكاۋۇرلارغا كەمتەرلىك قىلما، كەمتەرلەرگە ھاكاۋۇرلۇق قىلما.

— جېففىرسون

بىر قۇل ئۈچۈن ئەركىنلىكنى كۆرمىگىنىدە، ئۇنىڭ نەقەدەر شېرىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر سەن ئەركىنلىكنى كۆرۈپلا قالدىڭمۇ، بىزنى مىلتىق بىلەنلا ئەمەس، پالتا-توخماقلار بىلەن بولسىمۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىسەن.

— خېرودوت

ئەڭ ئەسكى پادىشاھلارنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشى تۇرغانلا گەپ، ئەڭ ياخشى پادىشاھ دېگەندىمۇ ئاۋاملىرىنىڭ مۇتلەق ئەركىن ياشىشىنى ئارزۇ قىلمايدۇ.

— تاسىتۇ

بىزدىكى قورقۇش ھامان بىزگە كېلىدىغان خېيىم-خەتەردىن كۆپ بولىدۇ.

— سېنېكا

# تۇزۇ مىللىتى ۋە خۇجۇ تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى

تۇزۇلار ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئومۇمىي ئاھالىسى 191 مىڭ 624 (1990 ـ يىلىدىكى سان) بولۇپ، ئاساسەن چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خۇجۇ، مېنخې، داتوڭ ناھىيىلىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. قالغان بىر قىسمى توگرېن، لېدۇ، مېنيۈەن، رۇلەن، ئۇلەن، گۇيدى، شىنىڭ ۋە گەنسۇنىڭ جىششەن، جونى، سۇنەن قاتارلىق جايلىرىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

## ئېتنىك مەنبەسى

تۇزۇلار مەلۇم دائىرىدە تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ھەرقايسى جايلاردىكى تۇزۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بەزىلىرى ئۆزلىرىنى «تۇكۇن»، «موڭغۇل» دەپ ئاتىسا، يەنە بەزىلىرى ئۆزلىرىنى «چاغان موڭغۇل» دەپ ئاتايدۇ. ئىلگىرى تۇزۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى قارىشىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى، يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، تەتقىقاتچىلارنىڭ تونۇشى ئاساسەن بىرلىككە كېلىپ، تۇزۇلار تارىختىكى ۋاجالارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئۇلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چاگلار، زاگزۇ، موڭغۇل، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قىسمەن مىللىي تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھەم شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلغان، دېگەن قاراش شەكىللەندى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، ۋاجالار تەزكىرىسى» دە: ۋاجالار سيانپىلارنىڭ مۇرۇن قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇلار 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋاجا باشچىلىقىدا غەربكە يۆرۈش قىلىپ، گەنسۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە چىڭخەينىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى چاگلار رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، سۇ ۋە يايلاق قوغلىشىپ ھايات كۆچۈرگەن دەپ قەيت قىلىنغان. يۈەن ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جايغا موڭغۇل، خەنزۇلاردىن باشقا يەنە ئاز ساندىكى زاگزۇ، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇلار كۆچۈپ كەلگەن. كېيىنكى ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ تۇزۇ مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ ئورتاق گەۋدىنى شەكىللەندۈرگەن.

## تىل ـ يېزىقى

تۇزۇ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئىچكى قىسمىدا يەنە خۇجۇ، مېنخې، توگرېن قاتارلىق ئۈچ دىئالېكتقا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئۇزاق مۇددەت خەنزۇ، زاگزۇلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەچكە، تۇزۇ تىلى ئاز بولمىغان خەنزۇ، زاگزۇ، سۆز-ئىبارىلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار ئىلگىرى خەنزۇ، زاگزۇ يېزىقلىرىنى قوللىنىپ كەلگەن. 1979 ـ يىلى دۆلەت لاتىن ھەرپى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىقنى تۈزۈپ بەرگەن، ھازىر سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ.

## دىن ئېتىقادى

دىن ئېتىقادى تۇزۇلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. تۇزۇلار ئومۇميۈزلۈك لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار تارىختا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. كېيىن لاما دىنىنىڭ تۇزۇلار رايونىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي لاما دىنىنى قوبۇل قىلغان. 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، لاما دىنىدىكى نىڭما مەزھىپىنىڭ تەسىر دائىرىسى كىچىيىشكە باشلىغان، ھەم تۇزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايوندا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر بولغان يۈنىڭ ئىبادەتخانىسى نىڭما مەزھىپىنىڭ تۇزۇلار رايونىدا تەسىرى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى. نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان لاما دىنى تۇزۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرگەن. شۇڭا تۇزۇلار رايونىدىكى ئىبادەتخانىلار يالغۇز دىنىي مۇراسىملار مەركىزى بولۇپ قالماي، شۇنداقلا مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۆرپ ـ ئادەت ۋە بايراملىرى

چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن ئىبارەت جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە تۇزۇلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى بىلەن تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت تارىخىي تەرەققىيات جەريانى مەزكۇر مىللەتنىڭ مادىي مەدەنىيىتىدە ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىدە نۇرغۇن روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنى پەيدا قىلغان.

تۇزۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئۆزگىچە بولۇپ، ئەر ـ ئاياللار ئومۇمەن كەشتىلەنگەن، تىك ياقىلىق، رەڭگى قېنىق، يوللۇق چاپان ـ كۆڭلەكلەرنى كىيىدۇ. ئەرلەر كۆپىنچە ئۇزۇن چاپان كىيىپ، سىرتىغا قىزغۇچ بىنەپشە پىنجەك كىيىدۇ. قىش كۈنلىرى ياقىسىز جۇۋا كىيىپ، بېلىنى

پوتا بىلەن باغلايدۇ. بېشىغا تۇماق، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىدۇ. خوتۇن - قىزلار يانتۇ پەشلىك كۆڭلەك كىيىپ، ئىككى يېڭىنى قىزىل، كۆك، سېرىق، قارا، سۆسۈن قاتارلىق بەش خىل رەڭلىك رەختلەردىن تىكتۈرىدۇ.

تۇزۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئاساس، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قوشۇمچە قىلىنىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا يالىڭاچ ئارپا ئاساس، بۇغداي قوشۇمچە قىلىنىدۇ. كۆكتاتنى ئاز ئىستېمال قىلىدۇ. سۈت چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

تۇزۇلار 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى بۇتخانا سەيلىسى، 6 - ئاينىڭ 13 - ۋە 29- كۈنلىرىدىكى ئۆسمۈرلەر يىغىلىشى، 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 9 - ئايغىچە مىنخې، سەنچۈەن رايونلىرىدا «نادۇن» (مول هوسۇل بايرىمى) بايرىمى قاتارلىق بىر قانچە تۈرلۈك ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملارنى ئۆتكۈزىدۇ. بايرام كۈنلىرىدە بەيگە، چېلىشىش، چامباشچىلىق ۋە «خۇار» (گۈل ناخشىسى) ئېيتىشتەك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار يەنە باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش باهار بايرىمى ۋە تاڭزۇڭزا چاغىنى ئۆتكۈزىدۇ.

تۇزۇلار ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلارغا ناهايىتى ئەهمىيەت بېرىدۇ. بولۇپمۇ چوڭلارنى ئالاهىدە هۆرمەت قىلىدۇ. تۇزۇلار مېهماندوست خەلق. ئۇلار كىشىلەرگە ناهايىتى سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار ئۆيگە كەلگەن مېهماننى ناهايىتى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ئۇلاردا: «مېهمان كەلدى، بەخت كەلدى» دەيدىغان تەمسىل بار. ئۇلار ئادەتتە كەلگەن مېهماننى قىزىل كىگىز سېلىنغان كاڭغا باشلايدۇ. هال - ئەهۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن تۇز سالغان چاي تارتىدۇ، ئاندىن تاماق تارتىدۇ. هاراق ئىچىشكەندە ئالدى بىلەن ساهىبخان مېهمانغا ئۈچ رومكا هاراق تۇتىدۇ. ئەگەر كەلگەن مېهمان هاراق ئىچەلمىسە، ئوتتۇرا بارمىقىنى هاراققا تەگكۈزۈپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئۈچ قېتىم چېكىپ قويسا بولىدۇ.

## خۇجۇ تۇزۇ ئاپتونوم ناهىيىسى

خۇجۇ تۇزۇ ئاپتونوم ناهىيىسى 1954 - يىلى 2- ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇرۇلغان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 3320 كۋادرات كىلومېتر، نوپۇسى 47 مىڭ 208 بولۇپ، تۇزۇلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 15.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. باشقا ئاهالىسى زاڭزۇ، خەنزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ناهىيە مەركىزى ۋېيۈەن بازىرىدا. بۇ ناهىيىنىڭ زېمىنى دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە 2000 دىن 5000 مېترغىچە بولغان ئېگىزلىككە جايلاشقان. هاۋا كىلىماتى ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلار كىلىماتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ياز پەسلى قىسقا هەم سالقىن. قىش پەسلى سوغۇق هەم ئۇزۇن. ئېگىز تاغ چوققىلىرىنى يىل بويى قار قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ ناهىيىنىڭ دېهقانچىلىقىدا يالىڭاچ ئارپا، بۇغداي ئاساس قىلىنىدۇ. چارۋىچىلىقىدا كالا، ئات، قوي، تۆگە، خېچىر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ناهىيە تەۋەسىدىكى ئورمانلاردا نۇرغۇن قىممەت باهالىق ياۋايى هايۋانلار بار. تۇزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مول كان بايلىقلىرى بولۇپ، سانائەت تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناهايىتى زور ئەۋزەللىككە ئىگە.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەمىت نىغمەت)
تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى



# قاغىلىقتىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى، «تاغ پەدىسى»ۋە ئېتنىز ناخشىلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

قاۋۇل ساۋۇر

## قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى

قاغىلىق ناھىيىسى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تىزمىلىرى ئارقىلىق ھىندىستان ۋە پاكىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ناھىيە تەۋەلىكىدىكى 28 مىڭ 266 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان زېمىنىنىڭ 75 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان تاغلىق جايلاردا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان قەدىمكى قەبرىستانلىقلار، كېمىر ئۆيلەر، قورغان خارابىلىرى، قەدىمكى شەھەر ئىزلىرى ۋە قىياتاش رەسىملىرى بار. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى ئەسلىتىدىغان ۋە كىشىگە تولىمۇ سىرلىق تۇيغۇ بېرىدىغان كۆلقاش جىلغىسىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ئارخېئولوگلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ ناھىيىنىڭ بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئىشىكى بولغان ھىندىستان يولى ئېغىزىدىكى بەزى جايلىرى «پۇسا»، «بۇت - بۇرھان» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. «بۇت - بۇرھان» جىلغىسىدا تەخمىنەن مىلادى 2 - ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان بۇت رەسىملىرى بار.

چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، شۇ سەۋەبتىن بىنەم ئېچىش، لاي ئېقىتىشقا ئوخشاش دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ بوزغۇنچىلىقلىرىدىن خالى بولغان تاغلىق جايلارنىڭ بۇ ناھىيە زېمىنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلغانلىقى ئارقىسىدا، ئۇزاق تارىخنىڭ ماددىي ئىزنالىرى ئەينەن ساقلىنىپ كەلگىنىدەك، چەت - ياقا بولۇش، قاتناش ئىشلىرىدىكى قولايسىزلىق ۋە تېلېۋىزيە مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملىشالماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ جايلاردا يەنە خەلق ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىمۇ ئەينەن ساقلىنىپ كەلمەكتە. قاغىلىق خەلقى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان «تاغ پەدىسى» بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

## تاجىك نەغمىلىرى ۋە «تاغ پەدىسى»

تاجىك ئاھالىسى بۇ ناھىيىنىڭ شىخشۇ، كۆكيار، چىپان قاتارلىق تاغلىق يېزىلىرىدىن باشقا يەنە تۇزلەڭلىكتىكى غوجېرىق، شاخاپ يېزىلىرىدىمۇ مەلۇم سانىنى ئىگىلەيدۇ. قاغىلىق ئۇيغۇرلىرى ئۇزاق تارىختىن بۇيان تاجىكلار بىلەن بىللە ئولتۇراقلىشىپ ۋە ئورتاق تۇرمۇش كۆچۈرۈپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. ئورتاق ئىجتىمائىي ھايات بۇ ئىككى مىللەت ئۈچۈن ئورتاق بولغان بەزى سەنئەت شەكىللىرىنى تەۋەللۇت قىلدى. «تاغ پەدىسى» ئەنە شۇ تارىخىي دوستلۇقنىڭ يالدامىسىدۇر.

قاغىلىق يېزىلىرىدا «تاغ پەدىسى» دېگەن ئۇقۇم «تاغ پەدىسى» تىپىدىكى نەغمىلەرگىمۇ، شۇنداقلا، مۇشۇ تىپتىكى نەغمىلەرگە ئوينىلىدىغان ئۇسسۇلغىمۇ قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. «تاغ پەدىسى» گە ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل ئادەتتە تاجىك ئۇسسۇلىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ؛ «تاغ پەدىسى» دېگى ناخشىلار ئاساسەن تاجىك نەغمىلىرىگە ئوخشاش ئىككى مىسرالىق ئاھاڭلاردىن تۈزۈلىدۇ. «تاغ پەدىسى»گە قىلىنىدىغان نەغمىلەرمۇ تاجىك نەغمىلىرىگە ئوخشاش كۇللېكتىپ ئېيتىشىش شەكلىدە ئورۇندىلىدۇ، يەنى داپ، راۋابلار بىلەن قوراللانغان نەغمىچىلەر ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئا گۇرۇپپا ياندۇرۇش (قايتىلاش)نى، ب گۇرۇپپا قوشاق قېتىش (داۋاملاشتۇرۇش)نى ئۈستىگە ئالىدۇ. ياندۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان گۇرۇپپا ئىككى مىسرادىن تۈزۈلگەن مۇقىم بىر نەقراتنى تەكرارلاپ بېرىدۇ. قوشاق قېتىشنى ئۈستىگە ئالغان گۇرۇپپا ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بىر كۇپلېت قوشاقنىڭ ئىككى مىسراسىنى كەلتۈرىدۇ. ياندۇرۇش - داۋاملاشتۇرۇش - ياندۇرۇش ئۈزلۈكسىز دەۋر قىلىدۇ. ئىككى قېتىملىق ياندۇرۇش ئارىلىقىدا ھەر بىر تۆت مىسرالىق بىر كۇپلېت قوشاق تاماملىنىپ بارىدۇ. «لەيلىخان» نەغمىسىدىن مىسال:

ئا گۇرۇپپا:

ئۆرگۈلۈپ كېلىڭ لەيلىخان (نا)

چۆرگۈلۈپ كېلىڭ لەيلىخان (نا)

ب گۇرۇپپا:

قاشىڭنىڭ قاراسىگە
ئوسما قويغىنىڭ يالغان
ئا گۇرۇپپا:
ئۆرگۈلۈپ كېلىڭ لەيلىخان (نا)
چۆرگۈلۈپ كېلىڭ لەيلىخان (نا)
ب گۇرۇپپا:
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم
سىنىڭ كۆيگىنىڭ يالغان
......

ئەگەر نەغمىچىلەر كەمچىل بولۇپ، گۇرۇپپىلاشقا يېتىشمەي قالسا، ئىككى نەغمىچىنىڭ بىرى ياندۇرۇشنى، يەنە بىرى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۈستىگە ئالسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئىككى گۇرۇپپىدىكى نەغمىچىلەر دەسلەپكى قەدەمدە كەيپىياتنى كۆتۈرۈش ۋە ئاۋازنى ماسلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تۇنجى باشلىنىشتىكى ئىككى مىسرا (نەقرات)نى ئورتاقلىشىپمۇ ئېيتىدۇ.

«ئازىمەندەگۈل» نەغمىسىدىن مىسال:

ئا ب:
گۈلى گۈل ھەي ئازىمەندە گۈل،
گۈلى گۈل ھەي ئازىمەندە گۈل،
ب: مەن ئېتىمنى سالمايمەن
ئا: گۈلى گۈل ھەي ئازىمەندە گۈل،
ب: دەريابويى لۆم ـ لۆمگە،
ئا: گۈلى گۈل ھەي ئازىمەندە گۈل،
ب: ئەجەپ ئىچىم ئاغرىيدۇ،
ئا: گۈلى گۈل ھەي ئازىمەندە گۈل.
ب: ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.

تاجىك نەغمىلىرى بىلەن «تاغ پەدىسى» دە يېقىنلىقدەك ئورتاقلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، بەزى پەرقلەرمۇ يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ پەرقلەر تېمپا ۋە مېلودىيە جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. تاجىك نەغمىلىرىدە كۆپىنچە 7/8 لىك تېمپا، «تاغ پەدىسى» دە بولسا 5/8 لىك، 2/4 لىك، قىسمەن ھاللاردا 7/8 لىك تېمپا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «تاغ پەدىسى» مېلودىيىسىنىڭ ئاددىي بولۇشىغا قارىماي، دولان ئاھاڭلىرىغا يېقىنراق كېلىدۇ. ئۇنداقتا، قاغىلىقتىكى تاجىك نەغمىلىرىنىڭ مەنبەسى «تاغ پەدىسى»مۇ ياكى «تاغ پەدىسى»نىڭ مەنبەسى تاجىك نەغمىلىرىمۇ؟ بۇ مەسىلە مەدەنىيەت تەتقىقات خادىملىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىپ، ئىزدىنىپ دەلىللىشىگە ئەرزىيدۇ. «تاغ پەدىسى» ناخشىلىرىنىڭ مېلودىيە جەھەتتە دولان ئاھاڭلىرىغا يېقىنراق بولۇشى قاغىلىق خەلقى بىلەن مەكىت خەلقىنىڭ بىۋاستە قوشنىدارچىلىقى ۋە قاغىلىقتا دولان نەغمىلىرىنىڭ خېلى قەدىمدىن بۇيان ئومۇملاشقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

قاغىلىق تاجىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تاغلىق يېزىلاردا ياشاپ كەلمەكتە. تاغلىق يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تاجىكلار توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم، مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا بىر مىللەت كىشىلىرىدەك قويۇق ئارىلىشىدۇ. شىخشۇ يېزىسىنىڭ چوپ، قۇلناغۇ قاتارلىق كەنتلىرى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ بورۇمسال، دەفتەر يېزىلىرى بىلەن قوشنا بولۇپ، ئۇ جايلاردا تاجىكلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا نىكاھلىنىش، بىللە ئوغلاق تارتىشىش، ھېيتلىشىش قاتارلىق ئادەتلەر بار. «تاغ پەدىسى»ـ ئىككى مىللەتكە ئورتاق بولغان بۇ ئالاھىدە تەقلىدتىكى مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل شەكلىگە تۈزلەنگىلىكتىكى ئۇيغۇر، تاجىك خەلقلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن نام. «تاغ پەدىسى» ناخشىلىرىنىڭ خالاستان سۈيىدەك جۇشقۇن ۋە ئويناقلىقى، ئۇسسۇلنىڭ قارا قۇرۇم بۈركۈتىدەك مەردانە ۋە جەڭگىۋارلىقى بىلەن بۇ ناھىيىنىڭ ھەممىلا يېرىگە ئومۇملاشقان بولۇپ، مەشرەپ ۋە ئولتۇرۇشلاردا كىشىلەر ئۇنىڭغا بىر ـ ئىككى پەدە ئويناۋالمىغىچە يۈگۈدىن چىقمايدۇ. «تاغ پەدىسى» رىتىمدارلىقى كۈچلۈك، كوللېكتىپ ئېيتىشقا ئەپلىك، يۇرۇشلەشكەن چالغۇ ئەسۋابلىرىغا بىھاجەت بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن يايلاق، ئېتىز، خامانلاردا، كوللېكتىپ سەپەر ئۈستىدە، سۇ قۇرۇلۇشى مەيدانلىرىدا، قىسقىسى، خالىغان ۋاقىت ۋە سورۇندا ئويۇشتۇرغىلى بولىدىغان ئەڭ يېنىك نەغمە شەكىللىرىنىڭ بىرى. شارائىت ناچار ئەھۋال ئاستىدا داپ ئورنىدا لېگەن، خونچى ئاياق (ياغاچ تەخسە) قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ياكى تاش ئۇرۇش ـ چاۋاك چېلىش ئارقىلىقمۇ نەغمە قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن «تاغ پەدىسى» نىڭ قەدىمكى كۆچمەن يايلاق ھاياتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش تەس.

«تاغ پەدىسى»دىكى ناخشىلار 30 دىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «لەيلىخان»، «ئازىمەندە گۈل»، «چىرايلىقىم قارا كۆز»، «ئاق چىنىخان يارلار» قاتارلىق ناخشىلار بۇ ناھىيىنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى يېزىلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى، گۇما، پوسكام، يەكەن قاتارلىق قوشنا ناھىيىلەرگىمۇ كەڭ تارقىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئېتىز ناخشىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

## «تاغ پەدىسى» ۋە ئېتىز ناخشىلىرى

ئىككى مىللەت چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى بولغان «تاغ پەدىسى» دىكى ناخشىلار تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئومۇملىشىپ، دېھقانلارنىڭ مەشرەپ نەغمىلىرىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەزىلىرى ئېتىز ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. لېكىن، ئېتىز ناخشىلىرى «تاغ پەدىسى»نىڭ ئۆزى ئەمەس، «تاغ پەدىسى»مۇ ئېتىز ناخشىلىرىنىڭ ئۆزى ئەمەس. پەقەت ئورۇندىلىش ئۇسۇلى ۋە تېمپا ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن، بۇ يەردىكى ئېتىز ناخشىلىرىنى «تاغ پەدىسى» تىپىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن.

ئېتىز ناخشىلىرى «تاغ پەدىسى» گە ئوخشاش ئىككى گۇرۇپپا بويىچە ياندۇرۇش - قوشاق قېتىش - ياندۇرۇش شەكلىدە ئورۇندىلىنىپلا قالماستىن، تېمپا جەھەتتىمۇ ئۇنىڭدا قىسمەن 3/4 لىك ئاھاڭلاردىن باشقا يەنىلا 5/8 , 7/8 لىك ئاھاڭلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، «تاغ پەدىسى» بىلەن ئېتىز ناخشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرگە كەلسەك، ئۇ مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: «تاغ پەدىسى» ئاساسەن مەشرەپ، توي - تۆكۈن سورۇنلىرىدا ئورۇندىلىنىدۇ. ئېتىز ناخشىلىرى بولسا ئوت ئوتاش، ئوما ئورۇش، قوناق ئۈزۈش، يەر تۈزلەش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرى داۋامىدا ئورۇندىلىنىدۇ. مەشرەپ، توي - تۆكۈنلەردە «تاغ پەدىسى» ناخشىلىرىنى ئومۇمەن ئەرلەر ئېيتىدۇ. بۇ ئايال نەغمىچىلەرنىڭ كەملىكى ياكى ئادەت تەسىرىدىن بولسا كېرەك. ئېتىز ناخشىلىرىنى بولسا كوللېكتىپ ئەمگەك ئۈستىدىكى ئەر - ئاياللار ئارىلاش گۇرۇپپىلىشىپ ياكى جىنس ئايرىمىسى بويىچە گۇرۇپپىلىشىپمۇ ئېيتىۋېرىدۇ. «تاغ پەدىسى»گە ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ. ئېتىز ناخشىلىرى ئورنىدا ئېيتىلىدىغان قىسمەن «تاغ پەدىسى» نەغمىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كوللېكتىپ ئەمگەككە جور قىلىنىدىغان ئېتىز ناخشىلىرىغا ئۇسسۇل ئوينالمايدۇ. «تاغ پەدىسى»دىكى ناخشىلار 5/8، 2/4 ۋە قىسمەن 7/8 لىك تېمپىلاردا كېلىدۇ. ئېتىز ناخشىلىرىنىڭ يۇقىرىقى تېمپىلاردىن باشقا يەنە 3/4 لىك تېمپىدىكىلىرىمۇ بولىدۇ.

«تاغ پەدىسى»دىكى ناخشىلار ئىككى مىسرالىق ئاھاڭلاردىن تۈزۈلىدۇ. ئېتىز ناخشىلىرىدا تۆت مىسرالىق ئاھاڭلارمۇ بار.

## ئېتىز ناخشىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە يوقىلىشى

جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ بارلىققا كېلىش تەرتىپىگە ئاساسلانغاندا «تاغ پەدىسى» تىپىدىكى ئېتىز ناخشىلىرى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى بولغان «تاغ پەدىسى» نىڭ دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا تەقلىد قىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان دېيىشكە بولىدۇ. ئىجتىمائىي مەنبە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى، فېئودالىزم جەمئىيىتىدە چوڭ - كىچىك يەر ئىگىلىرى ئۆستەڭ چېپىش، تۇغان ياساش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشقا ئوخشاش كەڭ دائىرىلىك ھەمكارلىق تەلەپ قىلىنىدىغان زور ئىشلاردىلا ئەمەس، بەلكى، ئادەتتىكى يىغىم - تېرىمنىڭ قاتلاڭ پەيتلىرىدىمۇ ئۇتاق (ئورتاق) چىلىق ۋە لاپقۇتلىشىش مۇناسىۋىتىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاددىي دېھقان ئائىلىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ پارچە - پۇرات يەرلىرىنى تېرىش ۋە ھوسۇلىنى يىغىشتا، ئادەم كۈچى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئۆزئارا لاپقۇتلىشىش يولى بىلەن ھەل قىلاتتى. ئېتىز ناخشىلىرى دەل ئاشۇ كوللېكتىپ ئەمگەك مۇھىتىدىكى جاپاكەشلەرنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچىنى مۇئەييەن يىغىم - تېرىم مەشغۇلاتىغا مەركەزلەشتۈرۈش، ھارغىنلىق ۋە مېھنەت مۇشەققىتىنى يېنىكلىتىش، ئۆزلىرىنىڭ قايغۇ - ھەسرىتى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىزھار قىلىش قاتارلىق مەنىۋى ئېھتىياجلىرى تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن. ئېتىز ناخشىلىرى يۈك كۆتۈرۈش ۋاقتىدا ئېيتىلىدىغان «ھەييۇھەي»لەرگە ئوخشىمايدۇ. كېيىنكىسىدە روشەن ئىجتىمائىي مەزمۇن بولمايدۇ، ئۇ پەقەت كۈچ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا رول ئوينايدۇ. ئېتىز ناخشىلىرى بولسا ئىشقى مۇھەببەت، ئەخلاق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق كەڭ دائىرىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىكى ماھىر ئېتىز ناخشىچىلىرى پىشقان ئەمگەكچىلەردىن بولۇپ، ئۇلار قوللىرىغا كەتمەن ياكى ئورغاق ئېلىش بىلەنلا ناخشىغا چۈشسە، قىر بېشىدا ئولتۇرغان ياكى دەرەخ سايىسىدا دەم ئېلىۋاتقانلارمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىشقا ئاتلىنىپ كېتىشەتتى. بولۇپمۇ، بۇغداي، شال ئورمىسى ۋە قوناق ئوتاش ئەمگىكى ئېتىز ناخشىلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئاجايىپ جانلىنىپ كېتەتتى. كۆپچىلىك غاز قانىتى شەكلىدە ئېتىزغا يېيىلىپ سول ئېلىپ ماڭاتتى. ئۇلار ئارىسىدىكى ئېتىز ناخشىچىلىرى بىر تەرەپتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشقا بېرىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن گۇرۇپپىلىشىپ ناخشىنى داۋام ئەتتۈرەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا زېرىكىش ۋە ھارغىنلىق ئۇنتۇلاتتى. كۆپچىلىك بىردەمدىلا سولنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا چىقىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالاتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئېتىز ناخشىلىرىنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىپ، كومپارتىيە ۋە سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلەيدىغان تېمىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى.

يازنىڭ پىژغىرىم ئاپتىپىدا ئۇزاققىچە ئەمگەك قىلغاچ ناخشا ئېيتىش خېلىلا كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش. شۇڭا، ناخشىچىلارغا ئىمكان قەدەر سولنى تارىراق قالدۇرۇش ھەتتا، ئۇلارنىڭ سولىنى ئالغاچ مېڭىش تەبىئىي ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، يېزىلارنى نامراتلىق ۋە ئاچارچىلىق قاپلىغان يىللاردا ئېتىز ناخشىلىرى ئەمگەككە زوق ۋە ماغدۇر بېغىشلايدىغان بىردىنبىر مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ قالغان ئىدى. 60 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەنىۋى ھەمراھىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. ئېتىز ناخشىلىرى ئاتالمىش «تۆت كونا» ۋە فېئوداللىزمنىڭ چىرىك ئىشقى كۈيلىرى قاتارىدا يوق قىلىۋېتىلدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەنئەنىۋى خەلق سەنئىتى قايتا ئازادلىققا ئېرىشتى. شۇنداقتىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئېتىز ناخشىچىلىرىنىڭ بەزىلىرى قېرىپ ماغدۇردىن قالدى؛ بەزىلىرى ئالەمدىن ئۆتتى. بولۇپمۇ، يېزىلاردا ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئېتىز ئەمگىكى ئائىلىلەرنى بىرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئېتىز ناخشىلىرى ئەمدى بىز ئۈچۈن بىر ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

تەھرىر: ئى. بارات

## ئات باشلىق

## غىنجەك

ئات باشلىق غىنجەك ـ موڭغۇللارنىڭ تارلىق چالغۇ ئەسۋابى. بۇنى موڭغۇللار «جور» دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بۇ چالغۇ ئەسۋابنىڭ ئۇچىغا ئاتنىڭ باش شەكلى ئويۇپ چۈشۈرۈلگەچكە شۇنداق ئاتالغان. ئات باشلىق غىنجەك ئاساسەن قارىغاي ۋە بامبۇك ياغاچلىرى بىلەن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر مېترچە بولۇپ، باش قىسمى يېرىم بولۇڭلۇق ساندۇقچە شەكلىدە ياكى دۇملاق ئايلانما شەكلىدە كېلىدۇ. سېپى ئانچە توم بولمايدۇ. يۈزلۈكىگە ئات تېرىسى ياكى قوي تېرىسى تارتىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزگىچە نەقىش بېرىلىدۇ. ئىلگىرىكى زامانلاردا ئات باشلىق غىنجەكنىڭ تارىسى ئاساسەن ئىككى تال كىرىش بىلەن تارتىلىپ ياسىلاتتى. كېيىن ئۆزگەرتىلىپ پولات سىم تارتىلىدىغان بولدى، ئات باشلىق غىنجەك ئاساسەن بوم ئاۋاز بىلەن زىل ئاۋازدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاھاڭنى بىر گەۋدە قىلغان. موڭغۇللار ئات باشلىق غىنجەكنى مۇشۇ ئىككى خىل ئاھاڭ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇ خىل مىللىيچە ئاھاڭلاردىكى ناخشىلىرىغا كەلتۈرۈپ چېلىپ ھۇزۇر ئالىدۇ. ھەر قانداق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ۋە ھېيت-بايراملاردا ئات باشلىق غىنجەك ئۆزىنىڭ خۇش ئاۋازى ئارقىلىق موڭغۇلچە ناخشىلارغا تەڭكەش بولۇپ ياڭراپ تۇرىدۇ.

(ئابدۇكېرىم راخمان رەتلىگەن)

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

ئىمىنجان ئەخمىدى

ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى مۇزېي، كۇتۇپخانا ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلىنىۋاتقان، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان نەچچە ئون مىڭلىغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ خېلى بىر قىسمىنى بەدىئىي ئەدەبىياتقا دائىر نەمۇنىلەر تەشكىل قىلىدۇ. بۇ مول، رەڭدار ۋە بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم خاسلىققا ئىگە بولغان گۈللىنىش دەۋرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ كۆپى قارا غوجا ۋە بېشبالىقتا يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن. بۇ شېئىرلارنىڭ زور بىر قىسمى ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ۋە رەتلەنگەن، ئاز بىر قىسمى تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قەدەر مۇھىملىرى ــ «ئىلاھىيە» (تاڭ تەڭرى)، «ئىلاھىيە» (پارلاق، كۈچلۈك بىلگە تەڭرى)، «مەدھىيە»، «شېئىر» (ئاپرىنچور تېكىن)، «ئۆلۈم تەسۋىرى»، «جەھەننەم تەسۋىرى»، «بۈيۈك ئىلاھىيە»، «شۇنداق يەرلەردە»، «ئون تۈرلۈك ياخشىلىققا مەدھىيە»، «ئوتتۇز بەش بۇرھانغا ھۆرمەت»، «خاتىمە دۇئاسى» (شۇ تېمىدىكى ئايرىم - ئايرىم ئۈچ پارچە شېئىر)، «تاغدىن - باغدىن قىلىنغان سۆزلەر بويىچە»، «مەرسىيە»، «ئايرىلىش»، «يولداشلىق»، «بىلىم»، «پەزىلەت»، «ياخشىلىق ۋە توغرىلىق»، «ئون تۈرلۈك نەزىر ئۇسۇلى»، «ھەرە ھەققىدە پارچە»، «جانىۋارلارغا پايدىلىق بولماق»، «توغرا يول»، «ياخشى تىلەك»، «ئىشەنچ»، «ياخشى نىيەت»، شېئىرىي ئۇسۇلدا يېزىلغان پال كىتابى ۋە بىر تۈركۈم قەدىمكى تۇرپان خەلق قوشاق - بېيىتلىرىدىن ئىبارەت.

بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئاپتورلىرى نامەلۇم بولۇپ، ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىزگە مەلۇم بولغان شائىرلار پەقەت ئاپرىنچور تېكىن، كۆل تارقان، كى كى، پراتياياشرى، چىسۇيا تۇتۇڭ، قالىم كەيشى، بويان قاياقال، كۈنچۈك ئىدۇق- قۇت، سىللىغ تېكىن، ئاتساڭ قاتارلىقلاردۇر.

ئاپرىنچور تېكىن: مانى دىنى مۇھىتىدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مانىغا مەدھىيە مەزمۇنىدا، تەكرار ئىككىلىك شەكلى بىلەن يېزىلغان ئۈچ كۇپلېت تۆتلىكى ۋە دىنىي مەزمۇندىن خالى يەتتە كۇپلېت ئۈچ مىسرالىق لىرىك شېئىرى تېپىلغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مانى دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەردىن كونىراق بولۇپ، 9 ــ 10 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. شائىر ئاپرىنچور تېكىن سىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشتىكى، پىكىرنى تەكرارلاش ئارقىلىق ئىدىيىۋى مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى، لىرىك تۇيغۇ - ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىكى ماھىرلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىكىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

كۆل تارقان: مانى دىنى مەزمۇنىدا شېئىر يازغان شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەزكۇر شائىرنىڭ ئىسمى تۇرپاندىن تېپىلغان قول يازمىلار ئىچىدە ئىككى پارچە قەغەزدە، ئۈچ يەردە ئۇچرايدۇ. ھالبۇكى، شېئىر تېكىستلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆچۈپ كەتكەن.



كى كى: شائىر كى كىنىڭ بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى، ئابىتا تەڭرى مەدھىيىلەنگەن ئۈچ پارچە شېئىرى تېپىلغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ شېئىرلارنى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى باشقا شېئىرلاردىن كونىراق، تەخمىنەن 10 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان دەپ ھېسابلاشقان. بۇ شېئىرلارنىڭ ئىككى پارچىسى ئۈچ كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن تۆتلىك، يەنە بىرى 62 كۇپلېت تۆتلىك شەكلىدىكى شېئىر بولۇپ، ئۇ تولۇق خىل قاپىيىدە كەلگەن.

پراتيايا شىرى: بۇددا دىنىنىڭ ماخايانا مەزھىپىگە مەنسۇپ. بۇ ئىسمنى تەخەللۇس ئورنىدا ئىشلەتكەن مەزكۇر شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى نامەلۇم. شائىر پراتيايا شىرى نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ۋە سانسكرىت تىلىدىن بەزى شېئىرلارنى تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان شېئىرلىرىدىن «ئون تۈرلۈك نەزىر ئۇسۇلى»، «جانىۋارلارغا پايدىلىق بولماق»، «ئىپتىراپ»، «توغرا يول»، «ياخشى تىلەك»، «ئىشەنچ»، «ياخشى نىيەت»؛ تەرجىمە شېئىرلىرىدىن «ھېكمەت پەزىلەتلىرى» ۋە ماۋزۇسىز بىر قانچە ئايرىم پارچىلىرى بار. ئۇنىڭ «ھېكمەت پەزىلەتلىرى» ناملىق تەرجىمە ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز تەخەللۇسى بىلەن بىللە «ئاسىغ تۇتۇڭ» دېگەن ئىسمىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئىككىسى بىر ئادەم بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان بۇددا دىنىنىڭ ماخايانا مەزھىپى مەزمۇنىدىكى قول يازمىلار 11 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى 11 ـ ئەسىرگە قويۇش مۇمكىن.

چىسۇيا تۇتۇڭ: شائىر چىسۇيا تۇتۇڭنىڭ «تاغدىن ـ باغدىن قىلىنغان سۆزلەر بويىقى» ناملىق 16 كۇپلېتلىق بىر پارچە شېئىرى تېپىلغان بولۇپ، شېئىردا نۇرغۇن ئىجابىي، پايدىلىق قاراشلار، نېرۋانىغا يېتىش يولىدىكى ھەقىقەتلەر، «كۆكگۈل ـ بۇرھاندۇر» دېگەن بۇددا دىنى ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلىش قاتارلىقلار تەرىقەت يولىغا باغلانغان ھالدا ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

قالىم كەيشى: تۇرپاندىن تېپىلغان يازمىلار ئىچىدە بەزى يەرلىرى كەمتۈك بولۇپ قالغان بىر ۋاراقتىكى «سامانتابخادراغا نەزىر» ناملىق 30 كۇپلېتلىق شېئىر قالىم كەيشىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، مۇئەللىپ شېئىرنىڭ خاتىمە دۇئاسى تەرىزىدە چۈشۈرۈلگەن ئاخىرقى كۇپلېتىدا ئۆز ئىسمىنى قەيد قىلىپ ئۆتكەن.

بويان قاياقال: تۇرپاندىن تېپىلغان TD 80 نومۇرلۇق «ئامىتايۇس سوترا»نىڭ ئاخىرىغا 59 مىسرالىق خاتىمە دۇئاسى مەزمۇنىدىكى بىر شېئىر يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ بويان قاياقال ئىكەنلىكى مەلۇم. بويان قاياقالنىڭ بۇ شېئىرى باشتىن ـ ئاخىر «ئا»ھەرپى بىلەن باشلىنىپ، كۇپلېتلارغا ئايرىلمىغان. ئۇ شېئىرىدا ئارسلان بىلگە تەڭرى ئىلىگ كۈنچۈك ئىدۇق ـ قۇتنى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇغقانلىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان.

كۈنچۈك ئىدۇق ـ قۇت: تۇرپاندىن تېپىلغان بىر باسما ئەسەرنىڭ ئاخىرقى ئىككى بېتىگە 20 مىسرالىق خاتىمە دۇئاسى مەزمۇنىدىكى بىر شېئىر بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتورى خاقان ئارسلان بىلگە تەڭرى ئىلىگ كۈنچۈك ئىدۇق ـ قۇتتۇر. ئۇ ئەسىرىدە يەنە ئاتىسى ئارسلان بىلگە تەڭرى ئىلىگ كىرمىشۇ ئىدۇق ـ قۇتنىمۇ تىلغا ئالغان.

سىللىغ تېكىن: بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان تېكىستلىرى ئىچىدىكى بىر پارچە «يىتكەن سۇترا»نىڭ كۆچۈرگۈچىسى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىمە دۇئاسى مەزمۇنىدا يېزىلغان ئالتە كۇپلېت شېئىرنىڭ مۇئەللىپى سىللىغ تېكىن ئىسىملىك بىر راھىبەدۇر. مۇئەللىپنىڭ ئىسمى شېئىرنىڭ ئۈچ يېرىدە كۆرۈنىدۇ. راھىبە بۇ شېئىرىدا بارلىق جانلىقلارغا بەخت، ئۆزىگە ئاغرىق ـ سىلاقتىن خالاسلىق ھەمدە ھەر قانداق ئالەمدە قىز بولۇپ تۇغۇلماسلىقنى تىلىگەن.

ئاتسانىڭ: ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلار ئىچىدە شائىر ئاتساڭنىڭ «ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە» ناملىق شېئىرىمۇ ئۇچرايدۇ. ھەر كۇپلېتى سەككىز مىسرادىن تۈزۈلگەن 14 كۇپلېتلىق بۇ شېئىر ئوخشىتىشلارنىڭ جانلىق ۋە جايىدا قوللىنىلغانلىقى بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى دىنىي مەزمۇندا بولۇپ، بۇ شۇ دەۋردىكى دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاپتورلار شېئىرلىرىدا بۇددا، مانى ۋە قىسمەن نېستورىئان، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۆز شېئىرلىرىنى دىنىي تىلاۋەت، دۇئا ـ تەكبىر ئېھتىياجى، دىنىي ئەدەبىيات ئۇسلۇبىغا ماسلاشتۇرۇپ يازغان. كۇپلېتلار باش قىسمىنىڭ ئوخشاش تاۋۇش، سۆزلەر بىلەن تۈزۈلۈش ۋە تەكرارلىنىشتەك ئۇسلۇب بولۇپمۇ بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى شېئىرىي ئەسەرلەردە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ.

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى



# ئۇيغۇرلاردا «قۇش باخشى»

ئابدۇكېرىم راخمان

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇشچىلىق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ مەخسۇس بىر خىل كەسىپ بولۇپ، ئوۋچىلىق ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ياۋايى قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈشتىن تاشقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاغلىق يېزىلىرىدا (قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چىپان، ئۇششار باش، كۆكيار قاتارلىق تاغلىق يېزىلىرى ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ قوشراپ قاتارلىق جايلىرىدا) قۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالاشتىن ئىبارەت ئۆزگىچە، قىزىقارلىق ئادەت تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ «كەسىپ» بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى ئادەتتە «قۇش باخشى» دېيىلىدۇ. مەلۇمكى، «باخشى» قەدىمكى ئالتاي تىلىغا مەنسۇپ ئۇقۇم بولۇپ، «شامان دىنىنىڭ ئۇستازى»، «دىن ئادىمى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار-نىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئۇزۇن مەزگىل ئېتىقاد قىلغان دىنى شامان دىنى بولۇپ، ئەنە شۇ شامانىزم دەۋرىدە باخشىلىق ۋە پېرىخونلۇق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. باخشىلار «ھەممىگە قادىر ۋە قابىل» دىن مۇئەككىلى سۈپىتىدە، شامان دۇمبىقىغا تەڭكەش قىلغان ھالدا شامانىزمنىڭ دۇرۇتلىرىنى مۇناجات قىلىپ، شامان مۇراسىملىرىنى تەشكىللىگەن ۋە باشقۇرغان، مۇشۇ يول بىلەن «يامان روھ»لارنى قوغلاپ، بىمارلارنى داۋالىغان. شۇ سەۋەبتىن باخشىلار ئەينى زامانلاردا ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىپ، ئىلاھى تۈس ئالغان. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن «قۇش باخشى» ئەنە شۇ شامانىزم دەۋرى بىلەن چېتىلىدىغان قەدىمكى ئادەتلەرنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن «قۇش باخشى» دەيدىغان بۇنداق نامنى ۋە قۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىنى بىز ھازىرغىچە شامانىزمغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇچراتمىدۇق.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يۇقىرىقى تاغلىق رايونلىرىدا قۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالاشنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى تۇغۇتتا «ئال كېسەللىكى»گە گىرىپتار بولغان ئاياللاردىن ئىبارەت.

ئادەتتە «ئال كېسەللىكى»نىڭ ئىپادىسى ھەر خىل بولۇپ، نېرۋىنىڭ نورماللىقى بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن چۈشلىرى كىرىشىپ، قالايمىقان جۆيلۈيدىغان، كۆزىنىڭ ئېقى چوڭىيىپ كۆزىگە غايىۋانە جىن - ئالۋاستىلار كۆرۈنىدىغان، پۈتۈن بەدىنى توختىماي تىترەيدىغان، ھوشىنى بىلمەي ۋەھىمىلىك ۋارقىراپ - جارقىرايدىغان غەيرىي ئادىمىلىك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.



يۇقىرىقىدەك ئالامەتلەر كۆرۈلگەن تۇغۇتلۇق ئاياللارنى يەرلىك خەلقلەر «ئالداپ قاپتۇ» دېيىشىدۇ. «ئال كېسەللىكى»نىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق بولۇپ، مۇھىمى تۇنجى تۇغۇتنىڭ ئالدى - كەينىدە بەدەندىن كۆپ قان كېتىش، ھامىلدار مەزگىلىدە ياخشى كۈتۈلمىگەنلىكى، تۇغۇت ۋە داۋالاش شارائىتىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى پسىخىك ئېتىقاد قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق كېسەلگە يولۇققانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ، يەرلىك خەلقلەر: بۇنداق كېسەللەرگە «قۇش باخشى»دىن باشقا ھەرقانداق دوختۇرنىڭ دورىلىرىمۇ ئۈنۈم بەرمەيدۇ، دەپ قارىشىدۇ. (ھازىرقى زامان مېدىتسىناسى بۇنداق كېسەللەرنى تولۇق داۋالاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە) ئادەتتە خەلق تىلىدا «قۇش» دەپ ئاتالغىنى بۈركۈت بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 8 - 12 جىڭغىچە كېلىدۇ. «ئال كېسەللىكى»نى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان بۇنداق قۇش تاپ، يەنى ئۆلۈپ قالغان ھارام ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمىگەن بولۇشى شەرت. داۋالاش ئۇسۇلى: «قۇش باخشى» (قۇشچى) قۇشنىڭ بېشىغا تۇماق كىيدۈرۈپ ئاغرىق ئايال ياتقان ئۆيگە ئېلىپ كىرىدۇ. ئاغرىق ئايالنى دۈم ياتقۇزۇپ، باش - كۆزىدىن تارتىپ پۈتۈن بەدىنىنى يوتقان ياكى كىگىز بىلەن مەھكەم ئوراپ قويىدۇ. ئاندىن ئۆيدىكى باشقا كىشىلەر ئاغرىق ئايالنىڭ يېنىدىن يىراقلاپ تۇرىدۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن قۇشچى قۇشنىڭ بېشىدىكى تۇماقنى ۋە تىرنىقىدىكى چېتىلنى ئېلىۋېتىپ، چەبدەسلىك بىلەن «ئال» دەپ ئىدەم قىلىپ قۇشنى قويۇۋېتىدۇ. قۇش بىلگەندەك ئۆزلۈكىدىن شۇڭغۇپ بېرىپ كېسەل ئايالنىڭ گەجگىسىگە قونىدۇ ۋە مەھكەم ئوراپ قويۇلغان كېسەل ئايالنى باشتىن - ئاياغ ئۆتكۈر چاڭگىلى بىلەن مۇجۇپ، مەھكەم قىسىدۇ، كېسەلنى قانىتى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىدۇ. قۇش گاھىدا قانات كېرىپ تام ۋە تورۇسقا ئۆزىنى ئۇرۇپ، يەنە كېسەلگە ئېتىلىپ كېلىپ مۇجۇشنى باشلايدۇ. قۇش يېرىم سائەت گاھىدا بىرەر سائەت مۇشۇ ئۇسۇلدا كېسەلنىڭ غولىنى قاتتىق مۇجىغاندىن كېيىن، كېسەلدىن يىراقلاپ ھالسىز ھالەتتە ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ شۈك تۇرىدۇ. قۇشچى شۇ ھامان قۇشنىڭ تۇمىقىنى كىيگۈزۈپ، پۇتىغا چېتىل سېلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. يوتقانغا چىڭ ئورالغان كېسەل ئايال قورقۇپ، چىلىق - چىلىق تەر بولۇپ كېتىدۇ. شۇ ھالەتتە بىر كېچە - كۈندۈز مىدىرلىماي ئۇخلايدۇ - دە، ئەتىسىدىن باشلاپ، ئاغرىق ئايال يېنىكلەپ ئال كېسىلىنىڭ خەۋپىدىن قۇتۇلىدۇ.

ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، گوياقۇشتا بىر خىل تەبىئىي سېزىم باردەك، ئۇ ئۆيدىكى ئاشكارا تۇرغان باشقا كىشىلەرگە تەگمەي، ئۇدۇل ئاغرىق ئايالغىلا ئېتىلىدۇ، ئىگىسىدىن (قۇش باخشى) ئۇيېپكىنى كۆرسىتىپ قويۇشنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايوندىكى يەرلىك خەلقلەر قۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالاشنىڭ ئۈنۈمىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ. تەكشۈرۈش ئەھۋالىمىزغا قارىغاندا، كۆپ ھاللاردا قۇشچى كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىنى قۇشقا ئالدىن ئۆگىتىدىكەن، بەزىدە تېخى ئۆگەتمىگەن قۇشلارنىمۇ بۇ خىل كېسەلنى داۋالاشقا ئىشلىتىدىكەن. قۇش ئارقىلىق داۋالاش پەقەت ئال كېسىلى بىلەنلا چەكلىنىدىكەن.

بۇنىڭدىكى ھېكمەت ۋە سىرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى

ئابدۇللا سۇلايمان

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئاساسەن ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە ـ ئۈچ خىل تىل بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

مەسىلەن: «ئانارخان» (ئۇيغۇرچە)، «ئايشە» (ئەرەبچە)، «توختى ئاخۇن» (ئۇيغۇرچە)، «ئاتاۋۇللا» (ئەرەبچە)، «گۈلئەمبەر» (پارسچە)، «نىياز» (پارسچە)... قاتارلىقلار.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىدە بۇ ئۈچ تەركىب ئۆز ئارا ئارىلىشىپ (بىرىكىپ) كېلىپ، بىر پۈتۈن مەنا بېرىدۇ. مەسىلەن: «ئاللا بەردى» (ئاللا ـ ئەرەبچە، بەردى ـ ئۇيغۇرچە)، «ئايسۇلتان» (ئاي ـ ئۇيغۇرچە، سۇلتان ـ ئەرەبچە)، «بەختىنىساخان»، (بەختى ـ پارسچە، نىسا ـ ئەرەبچە، خان ـ ئۇيغۇرچە)، «تۇرسۇنگۈل»، (تۇرسۇن ـ ئۇيغۇرچە، گۈل ـ پارسچە)... ۋە باشقىلار.

مىللىتىمىزنىڭ كىشى ئىسىملىرى ئارىسىدا، باشقا دۆلەتلەردىكى (يەھۇدىي دىنى پەيغەمبەرلىرى ۋە ياۋروپادا ياشىغان قەدىمكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ) قىسمەن مىللەتلەرنىڭ كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۇچرايدۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلىغا ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇنداق ئىسىملار بىزگە بەئەينى ئەرەبچە ئىسىمدەكلا بىلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، ئاشۇ ئىسىملارنىڭ «قۇرئانى كەرىم» ۋە باشقا نادىر دىنىي كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان كىشى ئىسىملىرى بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: «يۇسۇپ»، «سۇلايمان»، «ئىسكەندەر»، «ئەيسا»... ۋە باشقىلار. يەنە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە باشقا مىللەتلەر كىشى ئىسىملىرىنى قوبۇل



قىلىپ قوللىنىشلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «مارىنا»، «مارىيە»، «نارە»، «خاندىلىيە»، «مەينىكار»، «روپىيە»، «ئارنىبىيە»، «راسەن» «ۋىنرا» ۋە باشقىلار.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى تىل، دىن، ئۆرپ-ئادەت، شەكىل، مەزمۇن، جەمئىيەت ۋە تەبىئەتتىكى رېئاللىقنى ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، تۆۋەندىكىدەك توققۇز تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1. ئاللانىڭ سۈپەتلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيىلەيدىغان ئىسىملار. ئەرەبچە تىل بىلەن ئاللانىڭ سۈپەتلىرى مەدھىيىلىنىدىغان ئىسىملار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئىسمى ئۇچۇن بىر قەدەر كەڭ ۋە كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئىسىملارنىڭ مەنىسى ئاللاغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقاد، ئىسلام دىنىغا بولغان يۈكسەك ساداقەتمەنلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن: «ئابدۇلئەزىز» (ئاللانىڭ بەندىسى)، «ئابدۇلجېلىل» (ئۇلۇغ ئاللانىڭ بەندىسى)، «ئابدۇلخالىق» (ياراتقۇچى ئاللانىڭ بەندىسى)، «ئابدۇلئەھەد» (بىر ئاللانىڭ بەندىسى)، «ئابدۇلھەي» (مەڭگۈ تىرىك ئاللانىڭ بەندىسى) ... قاتارلىقلار.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى مەدھىيىلىنىدىغان ئىسىملارمۇ بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىزدە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمىغا «مۇھەممەد» نى باش ئىسىم قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئاندىن ئىككىنچى بىر ئىسىمنى ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلاپ ئىسىم قويۇش خېلىمۇ ئادەت بولۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن: «مۇھەممەد ئەلى» (مەتتىلى)، «مۇھەممەد رەھىم» (مەترېھىم)، «مۇھەممەد نۇرى» (مەتنۇرى)، «مۇھەممەد قۇربان» (مەتقۇربان)، «مۇھەممەد سادىق» (مەتسادىق، مەتسېدىق) ... قاتارلىقلار.

بىزدە يەنە پاكلىق، گۈزەللىك، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، مېھرىبانلىق، ساداقەت، دوستلۇق، راستچىللىق، ئاق كۆڭۈللۈك، كەمتەرلىك، ئالىيجانابلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، خۇشاللىق، خەيرى-ساخاۋەتلىك خىسلەتلىرى ئىپادىلىنىدىغان ئىسىملارمۇ خېلىلا كۆپ قوللىنىلماقتا. بۇ ئىسىملار پەقەت ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاتىلىپلا قالماستىن، ئەرەبچە، پارسچە ھەتتا ئۈچ خىل تىل ئۆز ئارا بىرىككەن ھالدىمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ھازىر قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلەردىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنى كۆچۈرۈپ قوللىنىۋاتقان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن: «مۇسا»، «ياقۇپ»، «يۇنۇس»، «يەھيا»، «ئايۇپ»، «جالالىدىن»، «سالاھىددىن»، «ئىبراھىم»، «ئىسرائىل»، «ئېيسا»، «داۋۇد»، «ئىسراپىل»، «ئىلياس»، «زىكرىيا»، «زۇننۇن»، «سۇلايمان»، «ھاتەم» ۋە باشقىلار.

2. ئورمان، گۈل - گىياھ ۋە ئۆسۈملۈكلەر نامى بىلەن ئاتالغان ئىسىملىكلەر. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل دەل-دەرەخ ۋە ئۇلارنىڭ گۈلى، مېۋىسىگە، ھەر خىل گۈل گىياھ، ئوت - چۆپ ھەمدە دورا ئۆسۈملۈكلىرى نامىغا قويۇلغان ئىسىملار بىزدە خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بۇ خىلدىكى ئىسىملارنىڭ مەزمۇنى ياخشى بولۇپ، كىشىلەرگە يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. مەسىلەن: دەل - دەرەخ نامىدىن ئېلىنغان ئىسىملىكلەر - «جىنەستىخان»، «ئالمىخان»، «ئانارخان»، «چىنارخان»، «زەيتۇنە»، «ئامۇت» ۋە باشقىلار.

ئۆسۈملۈك گۈل - گىياھلار نامىدىن ئېلىنغان ئىسىملىكلەر - «تاجىگۈل»، «ئالتۇنگۈل»، «چىمەنگۈل»، «ئامىدىنگۈل»، «مۇدەنگۈل»، «ھۆرنگۈل»، «لەيلىگۈل»، «گۈلمەرەم» «سامساق»، «سىراج»، «رەيھانگۈل»، «روخسىگۈل»، «نىلۇپەر»، «گۈلسۇسەر»، «پەرىگۈل»، «روشەنگۈل» «غۇنچە»، «مايسىخان»، «سۇپۇرگە»، «لالە» ۋە باشقىلار.

ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلاردىن ئېلىنغان خۇشپۇراقلىق ماددىلار نامىدىن ئېلىنغان ئىسىملىكلەر: «مۇئەتتەر»، «ھەسەل»، «ئىپار» ... قاتارلىقلار.

3. مۇھەببەت ۋە تەبىئەت مەنزىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى. بۇ، گۈزەل مۇھەببەت، خىلمۇ خىل تەبىئەت مەنزىرىسى نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئىسىملار بىزدە خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىسىملىرى نامىدا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «گۈلجەننەت»،

«زۇمرەت»، «گۈلباھار»، «گۈلزار»، «گۈلجاھان»، «گۈلچىمەن»، «گۈلىستان»، «زۇلال»، «گۈلجامال» «گۈلنۇر» ۋە باشقىلار.

4. جەمئىيەت ۋە رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى. يېڭى دەۋردىكى رېئال تۇرمۇش ئالامەتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى رايونىمىزدىكى ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدە خېلى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلماقتا. بۇ ئىسىملارنىڭ قۇرۇلمىسى ئىلمىي، مەزمۇنى مول بولۇپ، يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشمەكتە. مەسىلەن: «ئازاتگۈل»، «بەختىيار»، «ئامانگۈل»، «بەختىگۈل»، «ئادىل»، «ئەركىن»، «ئادالەت»، «غالىپ»، «ئىلھام»، «ئىلغار»، «جۈرئەت»، «مۇھەببەت»، «مۇيەسسەر» ۋە باشقىلار.

5. تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئاسمان جىسىملىرى نامى بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى. بۇ ئاساسەن تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ نامى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «دەريا»، «تۆركەش»، «يالقۇن»، «گۈلخان»، «دولقۇن»، «تۇرغۇن»، «ئۇچقۇن»، «ئايسۇلاق»، «يۇلتۇز»، «چولپان»، «زوھرە»، «تاڭنۇر»، «شەمسىقەمەر»، «گۈلئايىم»، «ماھىنۇر»، «سەييارە»، «چاقماق» ۋە باشقىلار.

6. ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى. بۇ ئاساسەن ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ نامىغا تەقلىد قىلىپ قويۇلۇپ، شۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان كىشى ئىسىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «ئارسلان»، «يولۋاسخان»، «شىرئەلى»، «قوزاخۇن»، «مايمۇن»، «لاچىن»، «باقى ئاخۇن»، «بۇلبۇل»، «قۇندۇز» ۋە باشقىلار.

7. كان بايلىقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار. كان بايلىقلىرى ۋە قىممەتلىك مەدەن ئاتالغۇلىرىغا تەقلىد قىلىنغان ئىسىملىكلەر، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىلدىكى ئىسىملار ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: «تاش (ئاخۇن)» «تۆمۈر»، «پولات»، «تاشتۆمۈر»، «تاشپۇلات»، «ئالتۇن»، «تىللا»، «گۆھەر»، «ياقۇت»، «كۈمۈش»، «ئالماس»... قاتارلىقلار.

8. يېمەك - ئىچمەك نامى بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى. بۇ ئادەتتە بىز ئۇزۇقلىنىدىغان نان ۋە باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ نامىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسىملار بولۇپ، بىزدە بۇ خىلدىكى ئىسىملار بىرقەدەر ئاز ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن: «توقاچخان»، «ناۋاتخان»، «ھەسەلخان»، «نېمەت»، «سامسابەگ»... قاتارلىقلار.

9. نەرسە - كېرەكلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى. بەزى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى جەمئىيەتتىكى نەرسە - كېرەكلەرنىڭ نامىغا تەقلىد قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ ھېلىمۇ ياشانغان كىشىلەر ئىسمىدە ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ فامىلىسىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئەخلەت»، «پاسار»، «پالتا»، «چاۋار»، «چورۇق»، «سۈپۈرگە»، «يانتاق»، «قەلەمخان»، «ئىسكىنە»... قاتارلىقلار.

قىسقىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى يۇقىرىقىدەك تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىسىملار مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ يېڭىلىنىدۇ ۋە تولۇقلىنىپ بارىدۇ.

تەھرىرى: ئى. بارات

# تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى - جىگدە يېلىمى

نۇرنىساخان

ئۇيغۇر ئاياللىرى ناھايىتى بۇرۇندىن تارتىپلا بىر قىسىم تەبىئىي پەرداز بۇيۇملىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى چىرايلىق، لاتاپەتلىك تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن. جىگدە يېلىمى ئەنە شۇ خىل تەبىئىي پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ.

جىگدە يېلىمى - جىگدە دەرىخىنىڭ غولى بىلەن قوۋزىقى ئارىلىقىدىن ئېقىپ چىقىدىغان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئەتىياز كۈنلىرى پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە جىگدە دەرىخىنىڭ ھەممە سورتلىرىدىن يېلىم چىقىدۇ. لېكىن قاغا جىگدىسىنىڭ يېلىمى ئەڭ ياخشى بولۇپ، ئۇ ھەم سۈزۈك ھەم يېپىشقاقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ.

جىگدە يېلىمى ئېلىشتا ئادەتتە، ئەتىياز كۈنلىرى جىگدە غولىنىڭ ئازراق قىسمىنى چاناپ قويسا بەش - ئالتە كۈندىن كېيىن ئۇ يەرگە خېلى كۆپ يېلىم جۇغلىنىدۇ، بۇنى ئېلىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، قۇرغاق جايدا ئۇبدان ساقلاپ قويۇپ، ھەر قېتىم چاچ تاراشتىن ئىلگىرى ئۇنى كىچىك قاچىغا چىلاپ قويۇپ، مۇۋاپىق سۇيۇقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن چاچقا چېپىلىدۇ. يامغۇردا قالغان جىگدە يېلىمىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يېپىشقاقلىق تەركىبى يامغۇر سۇيىدە ئېقىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى جىگدە يېلىمنى پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ چاچقا بولغان پايدىلىق رولىنىمۇ خېلى بۇرۇنلا بايقىغان. ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ چاچلىرى ئۇزۇن ۋە قارا، قويۇق كېلىدۇ. ھەتتا خېلى ياشىنىپ قالغان ئاياللارنىڭمۇ چېچى ئاسان شالاڭلىشىپ كەتمەيدۇ. رەڭگى بىر خىل بولىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى چاچقا جىگدە يېلىمى ئىشلەتكەنلىكتىندۇر. ئادەتتە چاچتا ئامىنو كىسلاتا مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ، ئۇ شىلىمسىمان جىگدە يېلىمى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، چاچنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەشتۈرىدۇ. چاچنىڭ تاللىرى بارغانسېرى تومىلىشىپ رەڭگى قارىيىپ، پارقىراقلىقى ئاشىدۇ. ھەر قېتىم چاچ تارىغاندا، چاچنى يۇيۇپ تارىغاندىن كېيىن يېلىم چېپىلىپ ئاندىن چاچ ئۆرۈلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا چاچ ئاسان چۇۋۇلمايدۇ. چاچ چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چاچنى قوغدىغىلاشتۇرىدۇ، ھازىر گەرچە زامانىۋى چاچ سوپۇنى، چاچ مېيى، چاچ يېلىمى قاتارلىق پەرداز بۇيۇملىرى كۆپلەپ ئىشلىنىلىپ بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولسىمۇ، جىگدە يېلىمىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى يېزا - قىشلاقلاردا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلمەكتە. ھەتتا شەھەر ئاياللىرى ئىچىدىمۇ خېلى كۆپ ساندىكى ئاياللار يەنىلا جىگدە يېلىمىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. چۈنكى جىگدە يېلىمىنىڭ باشقا چاچ سوپۇنى ۋە چاچ مايلىرىغا ئوخشاش ئىشقارلىق رولى بولمىغاچقا، چاچقا ھېچقانداق زىيانلىق تەرىپى يوق. ئۇ چاچنى ياخشىلاپ، نەملىكنى ئاشۇرۇپ، چاچنىڭ ماي تەركىبىنى نورماللاشتۇرىدۇ. ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا جىگدە يېلىمى ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.



(تەھرىرى: خەمىت نىغمەت)



# قارلىق ئويۇنى ۋە «قارلىقنامە» ھەققىدە

مەتىمىن ئابدۇللا

ھەر قانداق بىر مىللەت ياكى خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتنوگرافىيىسى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش شەكلى بولۇش بىلەن بىللە، شۇ مىللەتكە مەنسۇپ بولغان ھەرخىل ژانىردىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ بولىدۇ. بىزگە مەلۇمكى ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ ھەربىر باسقۇچلىرىدا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى ئاساسىدا ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، مەزمۇن ۋە تېما جەھەتتىن ھەرخىل بولغان ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت مەنىۋى بايلىقنى ياراتتى. بۇ ئارقىلىق خەلق ماقال - تەمسىللىرى، بېيىتلار، ئەقلىيە سۆزلەر، تەپەككۇر جەۋھەرلىرى، خەلق قوشاقلىرى، قەسىدىلەر، ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەر، ئىرسالنامىلەر، قارلىقنامە، نورۇزنامە، تېپىشماقلار، مەسەللەر، خەلق چۆچەكلىرى، لەتىپىلەر، چاقچاقلار، خەلق داستانلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇلار ئىچىدىن خىلى بىر قىسىملىرى جۈملىدىن «قارلىقنامە» بىر خىل ئويۇن شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈرى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش شەكلى بىلەن زىچ باغلانغان تۈرلەرنىڭ بىرى، مەردلىك ۋە سېخىلىقنى مەدھىيىلەش، خۇشاللىققا ئىنتىلىش تۇيغۇسى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئويۇن شەكلى بىلەن زىچ باغلانغان.

پەسلى زىمستان ۋاقتىدا بەزمە ئەيلىسەك دەپ ئارزۇ،

غەم - غۇسسىنى دەپىن ئەتكىلى دوستلىرىغا قارلىق يازار.

بىز ئاشلىدۇق قارلىق يېزىپ بەزمە ئەتسلە ئىززەت قىلىپ،

دۇشمەنلىرى ھەسرەت قىلىپ قان يىغلىسۇن زارىزار.

«قارلىقنامە» تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر توغرىسىدا قەدىمكى زامان كىشىلىرى ئاغزىدا ئېيتىلىپ كەلگەن كوللېكتىپ ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇ دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئاغزاكى شەكلىدىن يېزىق شەكلىگىچە كۆچۈپ، مەزمۇن جەھەتتىن تەدرىجىي بېيىپ كەلدى.

قارلىق ئويۇنى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان خەلقىمىز ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئويۇن شەكلى بولۇپ «قار ياغسا ئويغۇر خەلقىغە رەسمى بولۇپتۇر قائىدە، بىر - بىرىگە قارلىق تاشلىماق ئادەت قەدىمدىن بار - بار» دېگەندەك ھەر يىلى تۇنجى قار ياغقان كۈنى «قارلىقنامە» يېزىلىپ خالىغان بىرەر كىشىگە شۇ كىشىنىڭ يېقىن كىشىلىرى تەرىپىدىن تاشلىنىدۇ. ئۇنى ئېلىپ بارغۇچى ئەپچىل، چاققان، ئويۇن- چاقچاقلارغا ئامراق ۋە ماھىر كىشى بولۇشى كېرەك. ئۇ كىشى بۇ

يەردە پەقەت چاندۇرماسلىق ئۈچۈن مۇناسىۋەتسىز گەپ - سۆزلەر بىلەن قارشى تەرەپنى بىخودلاشتۇرىدۇ. ئاندىن مەخپىي هالدا «قارلىقنامە» قوشىقىنى ئۆي ئىگىسىنىڭ دەرهال ئىستەپ تېپىشى قىيىن بولغان بىر يېرىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، خوشلىشىپ چىقىپ «قارلىق بېسىۋالمىسۇن» دەپ قاچىدۇ. ئۆي ئىگىسى «قارلىقنامە»نى يوشۇرۇلغان جايدىن تېپىپ دەرهال قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتۇۋالسا، قارلىقنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن باشقا قاردا يۇمىلىتىپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قويىنىغا قار پورەكلىرىنى تىقىپ «توۋا» قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «قارلىقنامە»نى ئېلىپ بارغۇچى ۋە ئۇنى ئەۋەتكۈچىلەر «قارلىقنامە»دە يېزىلغان شەرتلەر بويىچە ئۇ كىشىنى مېھمان قىلىدۇ. ئەگەر «قارلىقنامە»نى ئەكەلگۈچىنى قوغلاپ تۇتالمىسا ۋە «قارلىقنامە»نى ۋاقتىدا تاپالمىسا، ئۆي ئىگىسى ئەنە شۇ «قارلىقنامە»دە يېزىلغان شەرتلەر بويىچە قارلىق تاشلىغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ يارۇ - بۇرادەرلىرىگە «قارلىق چېيى» قىلىپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بەزىدە بۇنداق ئويۇنلارنىڭ ئاخىرى تېخىمۇ چوڭىيىپ ئۇغلاق تارتىشىشقىچە بېرىپ يېتىدۇ ھەم قارلىق چېيى ئاساسىدا قىشلىق مەشرەپ ئويۇنلىرى باشلىنىپ كېتىدۇ.

قار ياغسا ئۇيغۇر خەلقىگە رەسمى بولۇپتۇر قائىدە،
بىر - بىرىگە قارلىق تاشلىماق ئادەت قەدىمدىن بار-بار.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ بارغان «قارلىق» ئويۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى. قار تەبىئەتتىن ئىنسانلارغا كەلگەن ساخاۋەت. قارلىق ئويۇنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەنئەنىۋى ئۇدۇم. ئۇنىڭدا شادلىقنى ئىزدەش، غەم - قايغۇنى تەرك ئېتىش ئارزۇسى نامايان بولىدۇ.

پەسلى زېمىستان ۋاقتىدا بەزمە ئەيلىسەك دەپ ئارزۇ،
غەم - غۇسسىنى دەپىن ئەتكىلى دوستلىرىغا قارلىق يازار.

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى پەسلىنىڭ ھەربىرى ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆزىگە يارىشا ماددىي بايلىق ئاتا قىلسىمۇ ئەمما خەلق ئاممىسى مەنىۋى بايلىقتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ. خەلقىمىزدىكى مۇنداق مەنىۋى ئېھتىياج ھەممە پەسىلدە ئوخشاشلا مەۋجۇت. تۇنجى قاردا باشلىنىدىغان قارلىق ئويۇنىمۇ مەنىۋى ئېھتىياجنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۇ مەنىۋى بايلىق بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ مەدەنىي ھاياتنى بېيىتىدۇ.

غەم قىلماڭىز ئامادىدىن- جابدۇق ھەممە تەييار ئىرۇر،
مىڭ شۈكرى ئالەم توقچىلىق ھەر نەرسىلەر كەڭ - كەڭرى بار.
قوتاندا قوي، ئامباردا ئۇن، ساندۇقتا پۇل، خىزمەتچى ھەم،
لازىملىقىدۇر يەل - يېمىش، قەنتۇ - شېكەر بازاردا بار.
چەينەكتە چاي، پەتنۇستا نان، زىختا كاۋاپ، خوندە گېزەك،
شېكەر توقاچ، تالڭ بوپلەر ھەم راسلىنىپ تۇرسۇن قاتار.
تاۋۇز - قوغۇن، ئالما - ئانار، ئەنجۈر بىلەن ھەم نەشپۈتە،
بادام - ئۈزۈم، پىستە، مېيىز، ھەرقايسىدىن تۆت - بەش تاغار.

«قارلىقنامە» شەرتىدە غىزا ۋە مېۋە تۈرلىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقىلار ئەنە شۇنداق نەپىس سۆزلەر بىلەن مارجاندەك تىزىلىپ، خەلقىمىزنىڭ تىنچ ۋە خاتىرجەم، ياخشى تۇرمۇش كۆچۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەشرەپ، بەزمىگە باپ ئۇيغۇر چالغۇ - ئەسۋابلىرى نامى بىر - بىرلەپ ئاتىلىپ، ئۇلارنى بەزمىگە تولۇق ھازىرلاش لازىملىقى ئىزھار قىلىنىدۇ. بۇ ماھىيەتتە قىش پەسلىنىمۇ بەزمە - مەشرەپ بىلەن خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈش ئارزۇسىنىڭ ئىپادىسى.

گەر نەغمە گەر بولسا كېرەك، ئەسۋابلىرى ھازىر ئىكەن،
قالۇن- ساتار، تەمبۇر- غېجەك، سۇناي- راۋاب ھەم داپ - دۇتار.
مەجلىسكە زىننەت بەرگىلى بىر دىلبىرى زەنا كېرەك،
شوخلۇق قىلىپ، ھوش ئالغۇدەك بەزمە ئەھلىدىن بى ئىختىيار.
ساقى بولۇپ مەجلىسى ئارا چاي تۇتسا گۈل نازۇك بەدەن،
رەقس ئەيلىبان بەزمى ئەھلىنى ھەردەم قىلۇرلار بىقارار.

دېمەك: «قارلىقنامە»دىكى بۇ بېيىتلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخنى يورۇتۇپ بېرىش رولىنى ئوينىيالمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

تەھرىرى: خەمىت نىغمەت

# مىس كۆرگۈ

مەخسۇت ھېيت

مىس كۆرگۈ ــ قەدىمكى ئىنسانلار ئۆز چىرايىنى كۆرۈش مەقسىتىدە مىسنى ماتېرىيال قىلغان ئاساستا ياساپ چىققان بىر خىل تۇرمۇش ئەسۋابى. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىس كۆرگۈ ئەڭ دەسلەپ غەربىي ئاسىيا ۋە جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىراقتىكى كىش خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مىس كۆرگۈ ھازىرغىچە تېپىلغان ئاشۇ خىل يادىكارلىقلار ئىچىدە دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن يادىكارلىق بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2900 ــ 2700 ــ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئىراندىكى سۇسا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مىس كۆرگۈ بولۇپ، دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2300 ــ 2000 ــ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. پاكىستاننىڭ ئىنداس خارابىسىدىن تېپىلغان مىس كۆرگۈ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ــ يىللار ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىكى چىجيا مەدەنىيىتىگە خاس خارابە ئىزىدىن تېپىلغان مىس كۆرگۈنىڭ دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ــ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگودا برونزا قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا مىس كۆرگۈ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، شاڭ، جۇ، چىن ــ خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن تارتىپ تاكى مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىگىچە داۋاملىق ئىشلىتىلىپ كەلگەن. يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندە ئەينەك كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەندىن كېيىنلا مىس كۆرگۈلەر ئىستېمالدىن قالغان. ئىلمىي ئانالىز قىلىنىشىغا قارىغاندا، يېغىلىق دەۋرىدىن سۈي ــ تاڭ دەۋرلىرىگىچە بولغان مەزگىللەردە ياسالغان مىس كۆرگۈلەرنىڭ تەركىبىدە مىس 70 پىرسەنتنى، قەلەي 25 پىرسەنتنى، قوغۇشۇن بەش پىرسەنتنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار باشقا برونزا قورال ــ سايمانلارغا قارىغاندا پارقىراق بولۇش بىلەن بىللە ئادەملەرنىڭ چىرايىنى كۆرۈشكە باپ كەلگەن.

دۇنيادىكى مىس كۆرگۈلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى سىستېمىغا ئايرىلىدۇ: بىرىنچىسى، غەربىي ئاسىيا، مىسىر، يۇنان، روما مىس كۆرگۈلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇملاق شەكىلدە، ئاستىنقى تەرىپىدە بىر قەدەر ئۇزۇن تۇتقۇچى بار؛ جۇڭگونىڭ مىس كۆرگۈلىرىنىڭ شەكلىمۇ كۆپىنچە يۇملاق بولۇپ، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىپ ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغان توپچىسى بار، ئەمما تۇتقۇچى يوق. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە تۇتقۇچى بار مىس كۆرگۈلەر بارلىققا كەلگەن. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان مىس كۆرگۈلىرى ئەتراپتىكى رايونلارغا كەڭ تارقالغان. غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، سىبىرىيە، موڭغۇلىيە، چاۋشيەن، ۋيېتنام قاتارلىق مەملىكەت ۋە رايونلاردا جۇڭگونىڭ مىس كۆرگۈلىرى تېپىلغان. بولۇپمۇ ياپونىيەدە مىشېڭ دەۋرىدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ مىس كۆرگۈلىرى كۆپلەپ كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلار يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئەتىۋارلىق بۇيۇم ۋە مۇقەددەس جابدۇق، دەپ قارالغان، يەرلىك ئۇستىكارلار ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان مىس كۆرگۈلەرنى ياسىغان.

ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى گۇاڭخې ناھىيىسىدىكى چىجياپىڭ ئىزى ۋە چىڭخەي ئۆلكىسى گۈينەن ناھىيىسىدىكى گاماتەي ئىزىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ــ يىللارغا خاس چىجيا مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ مىس كۆرگۈدىن ئىككىسى؛ خېنەن ئۆلكىسىدىكى ئەنياڭ ناھىيىسىنىڭ شىبېيگاڭ ۋە شاۋتۇن مەدەنىيەت ئىزىدىن شاڭ دەۋرىگە ئائىت مىس كۆرگۈدىن بەشى؛ شەنشى ئۆلكىسىدىكى باۋجى شەھىرى ۋە فېڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ شىنجۇاڭخې دېگەن جايىدىن غەربىي جۇ سۇلالىسىگە ئائىت مىس كۆرگۈدىن ئىككىسى تېپىلغان. چىجيا مەدەنىيىتى دەۋرىدىن تارتىپ، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىگە قەدەر ياسالغان مىس كۆرگۈلەرنىڭ ياسىلىشى ئاددىي، سىدام، كىچىك، ئۆلچەمسىز، سانى ئاز بولۇپ، باشتىن ــ ئاخىر ئىپتىدائىي ھالەتتىن خالىي بولالمىغان. شەرقىي جۇ سۇلالىسىگە كەلگەندە مىس كۆرگۈلەرنىڭ سانى كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن شەكلى كىچىك، ياسىلىشى سىدام بولغان. ئۇنىڭ ئارقىسىغا كۆۋرۈك شەكىللىك توپچا بېكىتىلگەن.

گۈللەنگەن تاڭ دەۋرىدىن باشلاپ، مىس كۆرگۈلەرنىڭ ئارقىسىغا خاسىيەتلىك ھايۋان، سۇمرۇغ، قوشماق ئۆردەك، يىگناغۇچ، كېپىنەك، ئۈزۈم، نىلۇفەر، توگمەگۈل، ئاپتاپپەرەس ۋە ئادەملەرنىڭ شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبىدا ئەينى چاغلاردىكى يېڭى ھۈنەر ــ سەنئەت ئەكس ئەتتۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ گۈزەل سەنئەت ئامىللىرىمۇ قوبۇل قىلىنغان. سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە مىس كۆرگۈ ياساشتا

قەدىمكى ئۇسلۇبقا ۋارىسلىق قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا مىس كۆرگۈ ياسالغان جاي ۋە داڭلىق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ نام - شەرىپى چۈشۈرۈلگەن، ئۇتقۇسى بار مىس كۆرگۈلەرنىڭ سانى خېلى كۆپەيگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىمۇ مىس كۆرگۈ ياساش ۋە ئىشلىتىش بىر مەزگىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى مەزگىللەردە چەت ئەللەردىن ئەينەك كۆرگۈلەر كۆپلەپ كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن مىس كۆرگۈلەر ئىستېمال قىلىنىشتىن تەدرىجىي قالغان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش -قېزىش جەريانىدا ئالتاي، بورتالا، توققۇز تارا، كۈنەس، ماناس، قۇتۇبى، بارىكۆل، سانجى، ئۈرۈمچى، جىمسار، تۇرپان، پىچان، قارا شەھەر، خېجىڭ (خوتۇنسۇمۇل)، بۈگۈر، رورەن، نىيە قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەر، ئىز- خارابىلەر، قەدىمكى شەھەرلەردىن ھەر خىل قەدىمكى مىس كۆرگۈلەر تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دەۋرى ئەڭ ئۇزۇنى خېجىڭ ناھىيىسىدىكى ساۋۇر جىلغىسى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مىس كۆرگۈ بولۇپ، ۋاقتى 3000 يىلدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، كۈنەس ناھىيىسىدىكى تۆمۈرلۈك قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مىس كۆرگۈ بولۇپ، دەۋرى 2500 يىلدىن ئاشىدۇ. توققۇز تارا، قارا شەھەردىن تېپىلغان مىس كۆرگۈلەرنىڭ دەۋرى 2000 يىلدىن ئاشىدۇ. تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مىس كۆرگۈلەرنىڭ دەۋرى 1200 ــ 1800 يىلدىن ئاشىدۇ.

ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدا قەدىمكى مىس كۆرگۈلەر ئىنتايىن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ، تارىخ، قەدىمكى مېتالچىلىق، ھۈنەر - سەنئەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا ناھايىتى كەڭ ۋە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى دەۋرلەردە ياسالغان مىس كۆرگۈلەر ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن يىلنامە، خاتىرە خەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھەرقايسى دەۋرلەردىكى قۇيمىچىلىق تېخنىكىسى، ھۈنەر - سەنئەت، ئەمەلدار - كاسىپلار تۈزۈمى، سودا مۇناسىۋىتى، ئالىم- ئىدىئولوگىيىسى، چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىگە دائىر نۇرغۇن ئەھۋاللارنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدا مىس كۆرگۈلەر ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

(تەھرىرى: ئەكبەرئىلى)

# مانجۇلارنىڭ قەغەز قىيمىچىلىقى

يېڭى يىلنى تەبرىكلەش كۈنلىرىدە، باھار بايرىمى ۋە ھېيت-بايراملاردا، مانجۇلار ئۆزلىرى ئولتۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنى ھەر خىل رەڭدىكى قەغەز قىيمىلىرى بىلەن بېزەشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن مىللىي ئادىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەر قېتىم يېڭى يىلنى تەبرىكلەش ۋە ھېيت-بايرام يېتىپ كەلگەن چاغلاردا، مانجۇلارنىڭ گۈللۈك قەغەزلەرگە بولغان ئېھتىياجى ئېشىپ، ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار قەغەز قىيمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىدە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلگە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ.

1. قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن شەكىل.

2. ھەر خىل ئۇچار قۇش ۋە ھايۋاناتلارنىڭ تەقلىدىي سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن شەكىل.

3. قەدىمكى ياماق پۇل شەكىللىرى ۋە ئۇلۇغلاش، قۇتلۇقلاش شەكلىدىكى خەت نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار خىلمۇ خىل رەڭلىك قەغەزلەردىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىقى ئۈچ خىل سىستېما دائىرىسى بويىچە ئىنچىكىلىك بىلەن تۈرلۈك شەكىللەرنى قىيىپ، ئىشىك-دېرىزىلەرگە چاپلاپ ۋە ئۆيلەرگە ئېسىپ، يېڭى يىل ۋە ھېيت-بايراملارنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا شام چىراغ ۋە توك چىرىغى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاسما رەڭلىك پانۇسى كىشىنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ. مانجۇلار بۇ خىل پانۇسقا باياشاتلىق ۋە ئامانلىقنى تىلەيدىغان «ھوسۇل»، «ئۆمۈر»، «بەخت» دېگەنلەرگە ئوخشاش خەتلەرنى چاپلاپ ياكى يېزىپ، ئۆينىڭ مۇۋاپىق جايلىرىغا ئېسىپ قويىدۇ. مانجۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھۈنەر-سەنئىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ بارماقتا.

(ئابدۇكېرىم راخمان رەتلىگەن)

## ئامېرىكىدىكى كارخانىچىلارنىڭ سىرى

ئامېرىكىدا چىقىدىغان «دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئامېرىكىدا ئېتىراپ قىلىنىدىغان ئەڭ داڭلىق 60 شىركەتنىڭ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك سەككىز تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى تېز. ئامېرىكىدىكى داڭلىق شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلار قىلىمەن دېگەننى دەرھال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بازار ئېھتىياجىنى ئىگىلەش. «خېرىدارلار ھەممىدىن ئەلا» دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر قانداق ۋاقىتتا بازار ئۇچۇرىنى ئىگىلەپ، خېرىدارلارنىڭ تەكلىپلىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ ھەم ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، يېڭىلىق يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىش. خىزمەتچىلەرنى يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

تۆتىنچىدىن، خىزمەتچى خادىملارنىڭ خاسلىقىغا ھۆرمەت قىلىش. بەزى كارخانىلار خىزمەتچى خادىملىرىغا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتقانلىقتىن دائىم ئاگلىق ۋە ئاگسىز ھالدا خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇستەقىل ئىجادكارلىقىنى چەكلەپ قويىدۇ. ئەمما ئىلغار شىركەتلەر قانداق قىلىپ خىزمەتچى خادىملارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، كارخانىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشنى بىلىدۇ.

بەشىنچىدىن، رەھبەرلەر ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكىدۇ. ئامېرىكىدىكى داڭلىق شىركەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ھەر بىر ئىشنى ناھايىتى نىشانلىق ئېلىپ بارىدۇ.

ئالتىنچىدىن، ئۆز كەسپىگە پىششىق بولۇش. شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز كەسپىگە ناھايىتى پىششىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ناتونۇش بولغان كارخانىنى قۇرماسلىق.

يەتتىنچىدىن، ئورگان خادىملىرىنى قىسقارتىش. بۇ داڭلىق شىركەتلەرنىڭ كىشىگە بېرىدىغان ئەڭ چوڭقۇر تەسىرى، ئورگانلىرى ئاددىي، خادىملىرى چېۋەر.

سەككىزىنچىدىن، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش. رەھبەر بىلەن خىزمەتچى ئوتتۇرىسىدىكى توغرا يۆنىلىشلىك مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

(ئالىيە يۇنۇس. ت)

## بەش ئەزانىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سالامەتلىك

1. كۆز تويۇقسىز قاراڭغۇلىشىدىغان بولۇپ قالسا، بۇ جىگەر رولىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى.

2. يۇراش سېزىمى بارا-بارا يوقاپ كەتسە، بۇ ئۆپكە رولىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى.

3. كالپۇك ئويۇشۇپ قالغاندەك بىلىنسە، بۇ ئاشقازان ئاستى بېزى رولىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى.

4. قۇلاق ئېنىق ئاڭلىيالمايدىغان بولۇپ قالسا، بۇ بۆرەك رولىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى. بۆرەك رولى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغانلار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر كۆپرەك دىققەت قىلىشى كېرەك.

5. تېتىش سېزىمى ئاجىزلاپ تىم تېتىيالماس بولۇپ قالسا، بۇ يۈرەك رولىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى. ئېغىز يىگىز قۇرۇپ، يېمەكلىكلەرنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدىغان بولۇپ قالغان ۋاقىتىڭىزدا، يۈرىكىڭىزدە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىغا دىققەت قىلىڭ.

(قەيسەر. ت)

 

## ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان فامىلىلەر

دۇنيادا قوللىنىلىدىغان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان فامىلە خەنزۇلارنىڭ «جاڭ» فامىلىسى بولۇپ، ئادەم سانى 100 مىليوندىن ئاشىدۇ.

ئاياللارنىڭ دۇنيادا ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ئىسمى «ئاننا» بولۇپ، بۇنداق ئىسىملىك ئاياللار 90 مىليوندىن ئاشىدۇ.

ھازىر ھەرقايسى ئەللەردە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان «ئۈچ چوڭ فامىلە» تۆۋەندىكىچە:

جۇڭگودا جاڭ، ۋاڭ، لى؛ روسىيىدە ئىۋانوۋ، ۋاسىلىيېۋ، پېتروۋ؛ فرانسىيىدە مارتىن، لېففىروي، بېنا؛ ئەنگلىيىدە سىمىت، جونس، ۋىلىيامس؛ چاۋشيەندە جىن، پياۋ، يىن؛ ئامېرىكىدا سىمىت، جونس، ۋىلىيامس قاتارلىقلار.

دۇنيادا قوللىنىلىدىغان فامىلىلەر ئەڭ كۆپ دۆلەت ياپونىيە ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ قوللىنىدىغان فامىلىسى 120 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ. دۇنيادا فامىلىسى ئەڭ ئۇزۇن مىللەتمۇ ياپونلار ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ياپونلارنىڭ ئىسمى بىلەن فامىلىسى قوشۇلۇپ كەلگەندە قايسىسىنىڭ فامىلە، قايسىسىنىڭ ئىسىم ئىكەنلىكىنى ئايرىش ناھايىتى قىيىن.

(گۈلمىرە .ت)

## بۇرۇن ۋە سالامەتلىك

ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئادەمنىڭ بۇرنى ئارقىلىقمۇ شۇ ئادەمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدىكەن.

بۇرۇن ئۇچى ناھايىتى قاتتىق بولسا، قىزىل تومۇر قېتىش، خولستېرىن يۇقىرى بولۇپ كېتىش، يۈرەككە ماينىڭ كۆپ يىغىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىكەن. بۇرنى ئىششىپ قالسا، ئاشقازاننىڭ تۆۋەن قىسمىدا ۋە بۆرەكتە مەسىلە بارلىقىنى بىلگىلى بولىدىكەن.

بۇرۇن ئۇچى ئىششىپ قالسا، بۇنىڭدىن يۈرەكنىڭ ئىششىغانلىقىنى ياكى ئىششىقنىڭ يوغىناۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدىكەن.

بۇرنى قىزىرىپ كەتسە، بۇنىڭدىن يۈرەك ۋە تومۇردىكى قاننىڭ ئايلىنىشىدا مەسىلە بارلىقىنى، قوڭۇرراڭ ياكى قارىداپ قېلىش ھالىتى كۆرۈلسە، بۇنىڭدىن تال ۋە ئاشقازان ئاستىدا مەسىلە بارلىقىنى بىلگىلى بولىدىكەن.

بۇرۇندا قارا قاپارتمىلار پەيدا بولۇپ قالسا، بۇنىڭدىن ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۈت تۈرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مايلىق يېمەك - ئىچمەكنىڭ زىيادە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىكەن.

(قەيسەر .ت)

## يەتتە چوڭ ئىقتىسادىي رايون بەلبېغى

چاڭجياڭ بويلىرى رايونى، جۇجياڭ دېلتىسى رايونى، بوخەي دېڭىز بويى رايونى، غەربىي جەنۇب ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىكى بىر قىسىم ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلار، غەربىي شىمال رايونى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە شەرقىي شىمال رايونى.

## جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بىر كۈنى

ھەر كۈنى جۇمھۇرىيىتىمىزدىكى ئەمگەكچىلەر 9 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يارىتىدۇ. 200 مىڭ توننىدىن ئارتۇق پولات، 3 مىليون توننىدىن ئارتۇق كۆمۈر، 400 مىڭ توننىدىن ئارتۇق خام نېفىت، 2 مىليارد كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىدۇ. 47 مىليون مېتىردىن ئارتۇق رەخت توقۇپ چىقىدۇ. 80 مىڭ دانە تېلېۋىزور، 10 مىڭ داندىن كۆپرەك توڭلاتقۇ، 20 مىڭ داندىن كۆپرەك كىرئالغۇ، 10 مىڭ داندىن ئارتۇق فوتوئاپاراتى، 110 مىڭ دانە ۋېلىسپىت، 30 مىڭ تونندىن يېقىن شېكەر ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

(ئابدۇرۇسۇل .ت)

# ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

**سوئال:** بىر دوستىمىز ژۇرنىلىڭلاردىكى «دەردىڭگە دەرمان بولاي» دېگەن سەھىپىنى كۆرۈپ، ئاتا-ئانىسىنى تاشلىۋەتتى. ئۇ، دەردىمگە دەرمان بولغىلى تەمىرىر تاغىلار بولغاندىن كېيىن، ماڭا ئاتا-ئانىنىڭ نېمە كېرىكى، دېدۇ. سىلەر بۇنىڭغا نېمە دېيسىلەر؟ ياكى شۇ سەھىپىنى يوق قىلىۋېتەمسىلەر؟

— لوپ ناھىيە يار تۇگمەن كەنتىدىن
**ئابدىلىم مۇھەممەت، روزىنەخمەت مۇھەممەت**

**جاۋاب:** بۇ سەھىپىگە يۈكسەك باھا بەرگەنلىكىڭىزلەرگە رەھمەت، بىراق مىڭ قىلغان بىلەن بۇنى ئاتا-ئانىغا تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. دوستىڭلارغا دەپ قويۇڭلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ساۋابىنى كۆپ ئېلىپ، بۇ سەھىپىنى ئوقۇپ بەرسە بەختلىك بولىدۇ.

**سوئال:** ھازىر 40 يۇەنگە سېتىۋالغان ئاياغ 40 كۈنمۇ چىدىمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋال ئۆزگىرەرمۇ قانداق؟

— يەكەن ئىگەچى بانكىدىن سادىق مۇھەممەت

**جاۋاب:** ئادەملەر باراڭدىن قاپاقنى ياخشى كۆرىدىغان بولغان چاغدا، بۇنداق ئەھۋال ئۆزگىرىدۇ.

**سوئال:** «بىلىمنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بىلەن «ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇپ بىلىم ئېلىش» دېگەن سۆز بىر-بىرىگە زىتمۇ؟

—قاغىلىق ناھىيە ساياغ يېزا قوچچى
**باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئەنۋەرجان**

**جاۋاب:** زىت ئەمەس، ئىشەنمىسىڭىز پۇل تۆلەپ سېتىۋېلىپ كىرىپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ بېقىڭ، ياكى كىتاب ئېلىپ ئوقۇماي تىزىپ قويۇڭ بىلىملىك بولالامسىزكىن؟

**سوئال:** بەزى چۆچەكلەردە «ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق گۈزەلكى، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس بولغانلىقتىن ئۇنى كۆرگەنلەر ھوشىدىن كېتەتتى» دەيتۇ، لېكىن مەن ھازىرغىچە كېچىسى ئايغا ئوخشاش يورۇق كۆرۈنىدىغان، كۈندۈزى كۈنگە ئوخشاش نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بىرەر قىزنى ئۇچراتقىنىم يوق. سىلەر ئۇچراتقانمۇ؟

— قاغىلىق ناھىيە يىلقىچى يېزا
**چوڭئېرىق كەنتىدىن ئالىمجان**

**جاۋاب:** بىز ئۇچراتقان، بىراق ھازىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىۋالدۇق. ئۆيىنى يورىتىۋاتىدۇ، تەخىر قىلسىڭىز سىزمۇ ئۇچرىتىسىز.

**سوئال:** ھازىر مەركەز دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشنى ناھايىتى كۆپ تەكىتلەۋاتىدۇ، ئەمما بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدا جەرىمانە ناھايىتى كۆپ، ئالۋاڭ-سېلىق جەرىمانىدىنمۇ كۆپ، مەركەز سىياسىتىنىڭ نۇرى قاچانلاردا بىزنىڭ يېزىلىمىزغا يېتىپ كېلەلەيدۇ؟

— قاراقاش ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا
**مەكتەپتىن ئابدۇللا سالامەت**

**جاۋاب:** نۇرنىڭ ياخشىلىقىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ، بىراق ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغىنى بەزىلەر نۇردىن قورقۇپ كۈنلۈك كۆتۈرۈۋېلىشىۋالىدۇ.

**سوئال:** مەن ئوقۇغان كىتابلاردا داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ تالانتىنىڭ يېتىلىشى ۋە داڭلىق يازغۇچى بولالىشىدا ئۇلارنىڭ ئاياللىرى يېرىم كۈچ تۇتقان دېيىلىپتۇ. مېنىڭ ئايالىم بولسا ساۋاتسىز. بۇ ھەقتە ماڭا پەقەت ياردەم بېرەلمەيدۇ، كەلگۈسىدە داڭلىق يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئايالىمنى قويۇۋېتىپ، ماڭا ياردەم بېرەلەيدىغان، مەدەنىي، ھەم ئوقۇغان ئايالدىن بىرنى ئالايمىكىن دەۋاتىمەن. سىزنىڭچە شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟

— خوتەن لوپ ناھىيە جىيا يېزىدىن
**مەتتوختى سەبەت**

**جاۋاب:** مېنىڭچە ھامىنى ئالماشتۇرغاندىكىن، سىز ئۈچۈن يېزىپ بېرىدىغان، سىز ئۇنىڭ ئۈچۈن بالا بېقىپ، ئائىلە ئىشىنى قىلىپ بېرىدىغان خوتۇندىن بىرنى ئالسىڭىز، قانداق؟

جاۋاب بەرگۈچى:ئەكبەر ئىلى

## ئادەمنىڭ قىممىتى

ئادەم بەدىنىدە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان نەچچە ئون خىل خىمىيۋى ئېلېمېنت بار. لېكىن ئەگەر ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق ئېلېمېنتلارنى ئايرىپ چىقىرىپ كۈندىلىك بۇيۇم ياسىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قىممىتى ئون نەچچە كوي پۇلغىلا يارايدۇ، خالاس.

ئادەم بەدىنىدىكى مايدىن يەتتە پارچە سوپۇن ياسىغىلى بولىدۇ، ھاكتىن كىچىككىنە بىر ئۆينى ئاقارتقىلى بولىدۇ، كاربوندىن 20 قاداق كوكۇس ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، فوسفور ماددىسىدىن 2200 تال سەرەڭگە ياسىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تەخمىنەن بىر قوشۇق كۆڭگۈرت ۋە بىر سەر مېتال چىقىدۇ، ئادەم بەدىنىدىكى تۆمۈر ماددىسىدىن بىر سۇلاڭ ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر مىختىن بىر تال ياسىغىلى بولىدۇ.

ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ گەۋدىسىدە ئەمەس، بەلكى ئەقلىدە.

(گى. بارات. ت)

## ئادەم ۋە كائىنات

ئادەم گويا كى بىر تال قومۇش — تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئاجىز نەرسە؛ بىراق، ئۇ تەپەككۇر قىلالايدىغان قومۇش. ئۇنى يىقىتىشقا توغرا كەلسە، دۇنيادىكى بارچە شەيئىلەرنىڭ قوراللىنىشى ھاجەتسىز: ئازغىنە بۇس، بىر تامچە سۇ ئادەمنى ئۆلۈم گىردابىغا ئاپىرىپ قويىدۇ, بىراق، دۇنيادىكى بارچە شەيئى ئادەمنى بېسىپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ، ئادەم يەنىلا ئۆزىنى بېسىپ چۈشكەن بارچە شەيئىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ قايسى جەھەتتە ئۆزىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. دۇنيادىكى شەيئىلەر بولسا بۇنىڭدىن قىلچە بىخەۋەر.

— (فرانسىيە) پاسكا

(گى. بارات. ت)

## تۆرمۇش

تۆرمۇش يولى تاغ باغرىدىكى چىغىر يولدەك ئەگرى-توقاي. ھالىڭ بېنىڭدا، يىقىلىپ چۈشسەڭ، يىغلايسەن — يىغلىغۇڭ كەلسە، يىغلاۋەر، نېمىدىن قورقاتتىڭ، ياسالمىلىق قىلىش ھاجەتسىز! بۇ، ئاجىزلىق ئەمەس، بەلكى كۆڭلى تۈزلۈك، چۈنكى بىر قېتىم يىغلاش يول يۈرۈشۈڭگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، بىر قېتىم يىغلىساڭ، يول يۈرگەندە بىر ئۆلۈش بەخەس بولىسەن. تاغ گۈللىرى جۇلالىنىپ، گۈزەل مەنزىرە سېنى مەپتۇن قىلسا، مەسىلىكىڭ كېلىپ، كۈلۈپ كەتسەڭ — كۈلگىڭ كەلسە، كۈلىۋەر، نېمە بوپتۇ؟ تەمكىن بولۇۋېلىشىڭ ھاجەتسىز! بۇ مەغرۇرلۇق ئەمەس، بەلكى كۆڭلى تۈزلۈك، چۈنكى بىر قېتىم كۈلۈپ قويۇش يول يۈرۈشۈڭگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، بىر قېتىم كۈلۈش ئىشەنچەڭنى بىر ئۆلۈش ئاشۇرىدۇ.

تۆرمۇش يولىدا، يىغلىغۇڭ كەلسە، يىغلا، كۈلگۈڭ كەلسە، كۈل!

بىراق يولۇڭنى داۋام ئەت.

(گى. بارات. ت)

## خۇشاللىق

بىر ئادەم ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بىر ئېغىز ئىلھام بېرىدىغان سۆز قىلسا، كىشىگە ئىلھام بېرىپ مېيىغىدا كۈلسە ياكى خەقنىڭ يولىدىكى ئېگىز- پەس يەرنى تۈزلىۋەتسە، ئۇنىڭ ئۆزى سەزگەن خۇشاللىق ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ يېقىملىق بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشىنىۋالىدۇ، ئۇ چوقۇم شۇنىڭغا تايىنىپ ياشىشى كېرەك. بىر مەھەل يوقىتىشقا بولمايدىغان تۇسالغۇدىن ئۆتۈپ كەتكەندە ھەممە بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چېكرىسىنى تېخىمۇ يىراقتىكى خۇشاللىققا سۈرگەندە، ئۇنىڭغا يېتىدىغان قانداق خۇشاللىق بولسۇن؟ خۇشاللىققا تەلپۈنگۈچىلەر جىمجىت ھالدا قىسقىغىنە بىر مىنۇت توختىۋالسا ھەمدە ئويلاپ كۆرسە، شۇنى سېزىۋالالايدۇكى، ئۇلار ھەقىقىي چۈشەنگەن خۇشاللىق خۇددى پۇتىنىڭ قېشىدا تۇرغان ئوت- چۆپكە ياكى سەھەردە گۈلگە چۈشكەن شەبنەم تامچىلىرىدەك بولۇپ، ئۇنى سانىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

— ھېلېن كېلېر

# يەرلىك ئىچىملىك

## مۇسەللەس

يۇسۇپجان ئىمىن

مۇسەللەس ـ ئۈزۈم شەربىتىدىن قايىنتىلىپ، ھېچبىر كۆپتە مەلۇم مەزگىل ساقلىنىش ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدىغان، ئادەمنى خۇش كەيپ قىلىدىغان بىر خىل ئىچىملىك بولۇپ، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئۈزۈن تارىخقا ئىگە ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى. مۇسەللەسنى، بۇ ناھىيىدىكى دېھقانلار «دورا» دەپمۇ ئاتايدۇ.

بىپايان قۇم بارخانلىرى ۋە ئىپتىدائىي توغراقلار بىلەن قاپلانغان تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان ئاۋات ناھىيىسىدە، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش كەسپى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى 90 پىرسەنتتىن ئاشىدۇ. بۇ ناھىيىدە ئۆستۈرۈلىدىغان ئۈزۈمنىڭ كۆك ئۈزۈم، سوقا ئۈزۈم، قىزىل ئۈزۈم، قارا ئۈزۈم، مۇناقى ئۈزۈم ۋە كىشمىش ئۈزۈم قاتارلىق سورتلىرى بار. كۆك ئۈزۈمنىڭ شەربىتى باشقا ئۈزۈملەرنىڭكىدىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسەللەس كۆپىنچە مۇشۇ ئۈزۈمدىن ئىشلىنىدۇ. قىزىل ئۈزۈم مۇسەللىسى ئادەمنى خۇش كەيپ قىلىشتا كۈچلۈكرەك بولۇپ، باشقا ئۈزۈملەرنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. قارا ئۈزۈمنىڭ سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىنكى شەربىتى ئەينەك قاچىلارغا ياكى ھېچبىر كۆپلەرگە قاچىلىنىپ، مەلۇم مەزگىل ساقلىنىلغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا، قورساق ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، قان ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەشتەك رول ئوينايدۇ. ئادەتتە ئۈچ ـ تۆت كىلوگرام ئۈزۈمدىن بىر كىلوگرام مۇسەللەس قاينايدۇ. ئۈزۈم راسا ۋايىغا يېتىپ پىشقان ۋاقىتتا تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ياخشى قايىنتىلغان ھەمدە ھېچبىر كۆپتە ئوبدان ساقلانغان مۇسەللەسنىڭ تەمى ياخشى بولىدۇ، ئۈزۈنغىچە بۇزۇلمايدۇ، كەيپ قىلىش كۈچىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. تۇڭ ئۈزۈمدىن قايىنتىلغان مۇسەللەسنىڭ تەمى باشقىچە ئاچچىق ـ چۈچۈك، كۈچسىز بولىدۇ، ھەم سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. قايىنتىلغان ئۈزۈمنىڭ ھەممە ئۈنۈمىگە سېلىنغان ئېچىتقۇنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، مۇسەللەسنىڭ رەڭگىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت يازما ماتېرىياللاردا مۇسەللەس مۇنداق قەيت قىلىنغان: مۇسەللەس ئۈزۈم شەربىتى بولۇپ، تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈككە مايىل بولىدۇ، قايىنتىشتا ھەددىدىن ئارتۇق خورىتمايدۇ، قويۇق بولىدۇ، مۇسەللەسكە بەزى چاغلاردا لاچىندانە، جويۇز، قەلەمپۇر قاتارلىق ئىسسىق دورىلارنىمۇ قوشىدۇ. تەبىئىتى 2 ـ دەرىجىدە ئىسسىق، 1 ـ دەرىجىدە قۇرۇق، ئۇنىڭ كۆكرەك، ئۆپكە ۋە قاپارتقۇ چېچەكلەرگە مەنپەئەت قىلىش، ئىچنى يۇمشىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىشتەينى ئېچىش، بەدەننى سەمرىتىش ۋە بەدەننى چىڭىتىشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بار...

دېمەك مۇسەللەس ئەنە شۇنداق دورىلىق قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلات بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى «دورا» دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغان. مۇسەللەس تەبىئىتى سوغۇق مىجەز كىشىلەرگە تېخىمۇ باپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئىچكى ئورگانىزمىغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەكس تەسىرى يوق، مۇسەللەسنى قايىنتىش ھاراق ئىشلەپچىقىرىشتەك قىيىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋات ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى قايىنتىشنى بىلىدۇ. يىراقتىن ئېزىز مېھمانلار كەلگەندە، ھېيت ـ ئايەملەردە مۇسەللەس قويۇلىدۇ. مۇسەللەس شىرنىلىق بولغانلىقتىن ئۇنى كۆپ ئىچىۋەتسە ئادەمنى ئۈزۈنغىچە كەيپ قىلىدۇ، شۇڭا مۇۋاپىق ئىستېمال قىلغان ياخشى.

تەھرىرى: خەمت نېغمەت

# دۇنيادىكى بىر قىسىم

# يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى

ئاشخاباد ــ تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى بولۇپ، «سۆيۈملۈك جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئالجىر ــ ئالجىرىيىنىڭ پايتەختى بولۇپ، «تاقىم ئاراللار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئالياسكا ــ شىمالىي ئامېرىكىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، «چوڭ قۇرۇقلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەددىس ــ ئەبېبە ــ ئېفىئوپىيىنىڭ پايتەختى. بۇ ئامخارچە سۆز بولۇپ «يېڭى گۈل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بېلگراد ــ يۇگوسلاۋىيىنىڭ پايتەختى بولۇپ، «ئاق تۇسكە كىرگەن شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بېيرۇت ــ لىۋاننىڭ پايتەختى بولۇپ «بۇلاق، قۇدۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پاسخا ئارىلى ــ تىنچ ئوكيانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، يەرلىك خەلق تىلىدا «كىندىك ياكى دۇنيانىڭ مەركىزى»، «تاش ھەيكەللەر ماكانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پەنجاپ ــ ھىندىستاننىڭ ئۆلكىسى، «پەنجاپ» پارسچە «پەنج» (بەش)، «ئات» (سۇ، دەريا) دېگەن سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «بەش دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پىلزېن ــ چېخ ۋە سلوۋاكىيىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان چېخ ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بولۇپ، چېخ تىلىدا «مۇنبەت جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پورتو ــ پورتۇگالىيىنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى بولۇپ، پورتۇگالىيە تىلىدا «پورت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پورتۇگالىيە ــ لاتىنچە سۆز بولۇپ، «ئىللىق پورت»، «سۇيى توڭلىماس پورت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تاللىن ــ ئېستونچە سۆز بولۇپ، «قەلئە شەھىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تېبلىس ــ گروزىيىچە سۆز بولۇپ، «ئىسسىق بۇلاقلىق جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تېھران ــ پارسچە سۆز بولۇپ، «پاك جاي»، «پاكىز شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تىتوگراد ــ يۇگوسلاۋىيىنىڭ قارا تاغ جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ، «تىتو شەھىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

جىددە ــ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان يېڭى سانائەت شەھىرى. جىددە ئەرەب تىلىدا «داغدام يول بويىدىكى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

خاسا ــ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان ئۆلكىسى بولۇپ، «سازلىق جاي»، «بۇلاق سۇيى بار جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

رىياد ــ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى بولۇپ ئەرەبچە «كەڭ ۋادا»، «ياخشى ئوت ــ چۆپلۈك جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ساراتوۋ ــ ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان شەھەر، تاتارچە، «سېرىق تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سومالى ــ سومالى تىلىدا «ئۆچكە سۈتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

شتۇتگارت ــ گېرمانىيىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان شەھەر بولۇپ، «ئات باقىدىغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

فرېتون ــ سېيرالېئون جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى. بۇ ئىنگلىزچە سۆز بولۇپ، «ئەركىن شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

گانگتوك ــ سىككىمنىڭ پايتەختى بولۇپ، «تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ ئۈستى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

لىبرېۋىل ــ ئافرىقىدىكى گابون جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولۇپ، «ئەركىن شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ماگنىتوگورسكى ــ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ چوڭ پولات ــ تۆمۈر سانائەت مەركىزى، بۇ «ماگنىتلىق شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئارگېنتىنا ــ بۇ ئىسپانچە سۆز بولۇپ «كۈمۈش دۆلىتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كوستارىكا ــ «باي ــ ئاۋات دېڭىز قىرغىقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(تۆمۈر ھەسەن. ت) تەھرىرى: خەمىت نىغمەت

# كۈلكە خۇرۇچلىرى

## رەڭدار مۇھەببەت

قىز: مەن پۇلنى ياقتۇرمايمەن، مۇھەببەتنى پۇلغا سېتىۋالماسلىق كېرەك.

يىگىت: ئۇنداق بولسا سىز نېمىنى ياخشى كۆرىسىز؟

قىز: مەن ئىمپورت قىلىنغان رەڭلىك تېلېۋىزورۇم بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇ چاغدا مۇھەببەت تېخىمۇ رەڭلىك بولىدۇ.

## چۈشىنىش

بىر يىگىت بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ئىكەن

قىز: — بىز تونۇشقىلى ئاران ئۈچ كۈن بولدى، سىز مېنى چۈشەنمەيسىز؟ — دەپتۇ.

يىگىت دەرھال: — ياق، ياق، مەن سىزنى خېلى بۇرۇنلا چۈشەنگەنتىم — دەپتۇ.

قىز: — شۇنداقمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

يىگىت: — شۇنداق، مەن بانكىدا ئىشلىگىلى ئۈچ يىل بولۇپ قالدى، بۇ جەرياندا دادىڭىزنىڭ بانكىدا قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى ئوبدانلا بىلىپ قالدىم، — دەپتۇ.

## ۋاقىت ۋە سۆيگۈ

دادىسى: — تۈنۈگۈن كەچتە سېنى سۆيۈۋاتقان يىگىت كىم بولىدۇ؟

قىزى: سىز سائەت قانچىدىكىسىنى دەيسىز؟

## تەلەپ قويۇش

—سېسترا، بۈگۈن ئەتىگەن، ھېلىقى ئېغىر كېسەلنىڭ يۈرىكى قانداقراق؟

— ناھايىتى ياخشى، دوختۇر، ئۇ ماڭا ئىككى قېتىم توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپ بولدى.

## ھەقىقىي سۆيگۈ

18 ياشلىق بىر قىز 81 ياشلىق بىر مىليونېر بىلەن توي قىلىپتۇ. توي كۈنى مىليونېر قىزدىن: — قەدىرلىكىم ئىككىمىزنىڭ ياش پەرقى بەك چوڭ، سىز مېنى چىن دىلىڭىزدىن سۆيەرسىزمۇ؟ —دەپتۇ.

قىز ناھايىتى ئوماقلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەلۋەتتە چىن دىلىمدىن سۆيىمەن، ئەگەر سىز 91 ياشقا كىرگەن بولسىڭىز تېخىمۇ سۆيگەن بولاتتىملە—دەپتۇ.

## خىجىل بولۇشنىڭ زىيىنى

قىزى: ئاپا، دادام بۇرۇن خىجىل بولامتى؟

ئاپىسى: ئەگەر داداڭ خىجىل بولمىغان بولسا، سەن ھېچ بولمىغاندا ھازىرقىدىن تۆت ياش چوڭ بولغان بولاتتىڭ.

## مېنى سۆيگەن كىم

بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق پويىزدا ساياھەتكە مېڭىپتۇ، پويىز ئۇزۇن بىر تونېلدىن ئۆتكىچە، پويىز خادىمى چىراغنى ياندۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، پويىزنىڭ ئىچى ناھايىتى قاراڭغۇ بولۇپ كېتىپتۇ. پويىز تونېلدىن چىققاندا يىگىت:

— ئاپلا، تونېلنىڭ بۇنچىۋالا ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، سىزنى قانغۇچە سۆيۈۋالار ئىكەنمەن، — دەپتۇ.

قىز قىلچە ھەيرانلىق ھېس قىلمىغان ھالدا:

— نېمە، ئاببىيام مېنى سۆيگەن سىز ئەمەسمۇ؟— دەپتۇ.

## ھاراق خەقنىڭ

بىر كۈنى بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بىر دوستىنىڭ زىياپىتىگە داخىل بولۇپتۇ.

ئايال ئېرىنىڭ ھاراقنى بەك ئىچىپ

كۈلكە خۇرۇچلىرى

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپ:

- نېمانچە ئىچكۈلۈك، ئۆزىڭىزنى ئايالڭ، -دەپتۇ.

- هاراق خەقنىڭ تۇرسا، نېمىنى ئايايتتىم، - دەپتۇ ئەر.

ئاچچىقى كەلگەن ئايال، غەزەپ بىلەن:

- جانمۇ خەخنىڭمۇ؟-دەپ ۋارقىراپتۇ.

(پەيزۇللا تۇرسۇن. ت)

## هايۋاننى ياخشى كۆرۈش

بىر ئوقۇغۇچى زوئولوگىيە مۇئەللىمىگە:

- بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى هايۋاناتقا بەك ئامراق، ئاپام قۇشلارغا، چوڭ ئاكام ئىتقا، ئىككىنچى ئاكام ئاتقا، هەدەم ئالتۇن بېلىققا ئامراق، -دەپتۇ.

- دادىڭىزچۇ؟-دەپ سوراپتۇ مۇئەللىم.

- دادام قوشنىمىزنىڭ ئۆيدىكى مېكىجىنىگە ئامراق، -دەپتۇ.

## قانۇن قارىغۇسى

ئا: سەن ئاز-تولا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىپ قويساڭ بولمامدۇ؟

ب: قورقىمەن.

ئا: نېمىدىن قورقىسەن؟

ب: قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ قويسام تېخىمۇ ئېغىر جازالىنىۋېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن.

(ئالىمجان. ت)

## خاتا پەرەز

- خانىم، مەن سىزنى ناهايىتى ياخشى كۆرۈپ قالدىم!

- مېنىڭ نېمەمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟

- سىزنىڭ بارلىقىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

# كۈلكە خۇرۇچلىرى

- ئېرىم بىلەن بالامنىمۇ ياخشى كۆرەمسىز؟

## قۇم ۋە خۇرۇم پەلتۇ

- ئۆتكەن هەپتە ئايالىمنىڭ كۆزىگە قۇم كىرىپ كېتىپتىكەن، دوختۇرغا ئاپارسام 20 يۈەن كەتتى دېمەمسىز.

- هېچقانچە ئىش ئەمەسكەنغۇ. ئالدىنقى هەپتە ئايالىمنىڭ كۆزىگە بىر خۇرۇم پەلتۇ كىرىپ كېتىپ مېنى 400 يۈەنگە يېقىتتى دېمەمسىز.

(قەيسەر. ت)

## ئېشەكتىن ئەر ياخشى

بىر كەنتتە هېچقانداق ئۇرۇق تۇغقىنى يوق بىر يېتىم قىز بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان ئۈچ - تۆت يۈز سوم پۇللا بار ئىكەن. قىز مەھەللىسىدىكى بىر مومايدىن شۇنداق سوراپتۇ:

- مەن يېگانە بىر قىز، هېچقانداق تاپاۋىتىم يوق، ئاپامدىن قالغان نەچچە يۈز سوم پۇلۇملا بار، بۇنىڭغا بىرەر ئېشەك ئېلىپ قوياي دېيمەن؟ ئېشىكىم بولسا، بازارغا ئانچە - مۇنچە ئوتان ئاپىرىپ ساتساممۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ. كىم بىلىدۇ تېخى خۇدايىمنىڭ شاپائىتى تۇتۇپ، ماڭا ئامەت قۇشى قوندۇرامدۇ تېخى. سىزنىڭچە شۇنداق قىلسام بولامدۇ؟

موماي قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ كېتىپ:

- قىزىم نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈۋاتىسەن، سەن شۇنداق ئاچىزىغىنە شۇنداق ئاق كۆڭۈل بىر قىز تۇرۇقلۇق نېمانچە ئۆزەڭنى قىينايدىغانسەن؟ پۇلۇڭ بولسا، ئەرگە تېگىۋال، ئەردىن ياخشى ئېشەكنى هەرگىزمۇ تاپالمايسەن - دەپتۇ.

كۈلكە خۇرۇچلىرى

# چۇقان

روزى سايىت

خەزىنىمىز گۆھەرگە باي، ھېكمەتكە باي،
ئەمما ئەل ئەقلى گاداي، بىدئەت تالاي.
بۇ گادايلىقتىن، بۇ بىدئەتتىن تويۇپ،
«داد» دېمەيدۇ «شۈكرى»گە ئامراق گاداي.
ھەممە كۆز تىكتى «يېمەك ـئىچمەك» كىلا،
ھەممە دەر: سەن ئۆل ئۆزۈڭلا ساق قالاي...
مەرپەت كۆز قىسسا چىللاپ باغرىغا،
باقمىدى ھېچكىم ئاڭا-يوق مەيلى-راي.
ئەي مېنىڭ غاپىل ئاداش-تەڭتۇشلىرىم،
سەن ئۇچۇن، تىڭشا، بۇگۈن چۇقان سالاي:
ـ قوپ، ئۆگەن، ئىرپان كۆككە ئۆرلىگىن،
(ئىلمۇ-ھېكمەت نى غېرىبنى ئەتتى باي.)
گەرچە سەن پۇلدار، ئۇ قەغەز-ئەرزىمەس،
يۇتمىسە قاششاقلىقىڭ ھالىڭغا ۋاي.
مەنتۇى دۇنيا بېزەلسە نۇر بىلەن،
ئەگلى① جۇللۇق ھېچنېمە، سەن كۆكتە ئاي.
روھىي غۇربەتتىن قۇتۇلدۇڭ كىلتا سەن،
كۆر ئۇ چاغ كەپەڭ ساراي، باغ دەشتى ساي.
سەن ئەمەس دۆت-ئەقلى كالۋا ياكى كور،
ئىزدىنىپ داڭ-شۆھرىتىڭنى ئەلگە ياي.
بۇ جىمى مىللەت باراۋەر ئۆز جاھان،
ياتما، ئويغان، ئۇيقۇغا تىغ-نەيزە ساي ②

---

① ئەگلى ـ كىيىم-كېچەكنى.
② نەيزە ساي ـ نەيزە سانجىغىن.

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

# ياندۇ گۈلخان يۇرەكلەر تەكتىدە

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مىڭ-تۈمەن داپ باشلىدى نەغمە،
سايرىدى دۇتار، راۋاب، خۇشتارۇ، تەمبۇرلەر ئەنە،
بولدى تەڭكەش تاش، قوشۇق ۋە نەي يەنە.
كەلدى ساتار تارىدىن زەپ ئۆزگىچە مۇڭلۇق سادا،
خۇددى قالۇندىن چېكىلدى مىڭلىغان جانان چىنە،
ناغرا، سۇناي، بۇرغا ياڭراپ قىلدى كۆكتە تەنتەنە.
قىزىدى مىڭلاپ تاپان،
تاقىتى تاق بولدى دىللارنىڭ شۇئان.
قىز-يىگىتلەر چۈشتى سورۇنغا ئاۋۋال
شوخلىنىپ يايدى قولىنى نەچچە چال،
ئۆزىنى ئاتتى تالاي چوكان- جۇۋان...
باشلىنىپ كەتتى ئۇسسۇلنىڭ قايىنمى،
پەرقىرار مىڭلاپ ئۇسسۇلچى ئەۋجىدە؛
نەغمە-ساز يۆتكەلدى شوخ-شوخ پەدىگە.
مىڭلىغان قول ۋە ئاياغنىڭ ھەرىكىتى
سالدى يەر تەكتىنى بەلكىم لەرزىگە...
چوڭ-كىچىك،
پۇقرا-ئەمەلدار،
ئەر-ئايال
بولدى مەس يايراپ ئۇسسۇلنىڭ پەيزىدە.
ياندۇ كۆزلەردە ئوت.
يۈزلەردە چاقنار ئۇنچەتەر،
ھەممىنى تارتىپ ئۆزىگە شۇ قەدەر
نېمە شاھ قىلغان ھوزۇرنىڭ تەختىدە؟!
جان مۇقام،
جانان مۇقامدۇر ئەسلىدە.
ياڭرىسا نەدە مۇقام
ياندۇ گۈلخان يۈرەكلەر تەكتىدە،
قان قىزىپ باشلايدۇ توي جان ۋەسلىدە.
1992- يىلى ئاۋغۇست، يەكەن

## تۈگمەس يىغىن



# 1994 第2期要目


## ●本刊特稿

努力把民族工作做得更好……………………………………司马义·艾买提

## ●民族法制

城市民族工作条例……………………………………

民族乡行政工作条例……………………………………

## ●民族论坛

市场经济体制与民族地区经济……………………………………张德江

市场经济与少数民族干部的培养……………………………………韦代瑛

关于西部民族地区的产业结构调整……………………………………仲 文

’93，民族地区经济迅速发展的一年……………………………………亦 西

## ●民族与自治地方

土族与互助自治县……………………………………

## ●民族宝库

叶城古代文化遗迹“山歌”与田园曲初探……………………卡吾里·沙吾尔

满族剪纸艺术……………………………………

高昌回纥王朝时期的维吾尔诗歌……………………伊明江·艾合买德

天然发胶——沙枣树胶……………………………………奴尔尼沙汗

铜镜……………………………………玛合苏德·艾依德

阿瓦提特产——木萨莱斯酒……………………………………玉素夫江·伊明

## ●民族与风俗

维吾尔族的“鹰疗法”……………………………………阿布都克里木·热合曼

现代维吾尔人名的基本构成……………………………………阿布都拉·苏莱曼

初雪麦西莱甫……………………………………穆汗莫德·依明

## ●花坛

呐喊（诗）……………………………………肉孜·莎依提

心底燃起的篝火……………………………………穆汗莫德·莎吾栋

## ●画页

封面：织坛女朗……………………………………杜寿泉摄

封二、三南疆农村巴扎……………………………………杜寿泉摄

中心彩页：第九届《新大路》画展

封底：雪韵……………………………………四刚摄



民族团结

（维吾尔文）

●主编

伊德里斯·巴拉提

●副主编

艾克巴尔·艾力

●责任编辑

哈米提·尼格买提

●出版

中国民族团结杂志社

●编辑

民族团结杂志社维编部

●地址

新疆乌鲁木齐市友好南路22号

邮政编码：830000

●印刷

新疆日报社印刷厂

●发行

乌鲁木齐市邮局

●订阅

全国各地邮局

●国外总发行

中国国际图书贸易总公司

国外代号：BM178U

●全国统一刊号

CN11——1557

●邮政发行代号

58——117





جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا بازارلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر





قار ۋە نۇر

سى گالڭ فوتوسى

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژۇرنال)

《民族团结》维吾尔文版

定价：1.30元

باھاسى 1.30 يۈەن